# بۇلاق

BULAK



2015

3

ISSN 1005-0876

源泉 (布拉克) · BULAK



گوڵ و قوش

مەهدی سزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

ئومۇمىي 162 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# «بۇلاق»قا مەدھىيە

ئۇرىدۇ بۇرنۇمغا بىر ئېسىل پۇراق،
هەر سانى نۇرلىنىپ چىققاندا «بۇلاق».
ئاچقاچقا ئاپتورغا مەردانە قۇچاق،
قوزغىدى خىسلىتى شۇڭا ئىشتىياق.
ساختىدىن، بەتتامدىن تۇرغاچ ئۇ يىراق،
تۈمەن مىڭ يۈرەككە سالدى زەپ پىراق.
«بۇلاق» ئۇ تۈندىكى مىسلى شام - چىراق،
توقۇيمەن زوقلىنىپ شەنىگە قوشاق.
بەرگەچكە ئۇ ماڭا تارىختىن ساۋاق،
خىيال ۋە پىكىردە تاپتىم مەن روناق.
ئۆسۈپتۇ، چوڭ بوپتۇ هازىر ئۇ «بوۋاق»،
كۆزلىرى، يۈزلىرى شۇنداق پارقىراق.
يانىمەن ئىشقىدا ئۇنىڭ تا ئاداق،
تىلىكىم، ئارزۇيۇم يەنە ياخشىراق!

ئىمىر غىياس

# بۇلاق

2015 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتجان مەخمۇت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شېئىرلار ........................ داموللا ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ئەمىن خوتەنىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

قەشقەر تېكىستىلىرىدىن تۆت پارچە ........................ مۇھەممەت ئەلى (22)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

نەۋايى لىرىكىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەدىئىي ئوبرازلار ۋە تېبابەت ........................ تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (30)
شېئىرىي سەنئەتلەردىن تامچە ........................ ئابلەت ئەيسا (37)

## تىل . تارىخ . مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى باش كىيىمگە دائىر بايانلار ۋە دوپپا مەدەنىيىتىمىز .........ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (43)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئات ۋە ئات جابدۇقلىرىغا ئائىت بايانلاردىن ئات مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر .... مامۇت قۇربان (53)
«بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم»دا ئەكس ئەتكەن فونېتىكىلىق ئىستىلىستىكىلىق
گۈزەللىك توغرىسىدا ............................................................ مۇنەۋۋەر مۇختەر (59)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

رىۋايەتلەر ........................................................................................ (68)
تopl: توپلاپ رەتلىگۈچى: راجەم ئابدۇرېشىت
شاھزادە نەۋجاھان ........................................................................................ (82)
توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ........................................................................................ (94)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر
كېسەكچىنىڭ ئوغلى ........................................................................................ (107)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: **باھار ئەلچىسى** (رەسسام: رىزا تەۋانگەر رىزى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : **مۇتەللىپ ئىسمايىل**
ياردەمچى مۇھەررىرى : **دىلئارام باھاۋىدىن**
كوررېكتورى : **ئارزۇگۈل كېرىم**
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: **مۇقەددەس دىلشات**

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991**
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991**

داموللا ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ئەمىن خوتەنى

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: بۇ شېئىرلار دامولللا ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ئەمىن خوتەنىي 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلاردىن بىرسى. بۇ شائىرنىڭ بىر پارچە قول يازما ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، جەمئىي 43 بەت، فورماتى 14.5cm × 21.5cm. بۇ قول يازمىغا شائىرنىڭ تۈركىي، پارسىي ۋە ئەرەبىي تىللىرىدا يېزىلغان بىر تۈركۈم چىستانلىرى، مۇئەممالىرى، قەسىدىلىرى، مەرسىيەلىرى ۋە شېئىرىي پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بىر ئەرەبچە شېئىرنىڭ باش قىسمىغا: «بىقەلەمى ئەھقەرۇل ـ ئۇبباد راجىيى كەرەمۇن رەببەھۇ موللا ئەھمەد بىن مۇھەممەدئەمىن خوتەنىي سىنە 1342، فى زىلقەئدە فىلكاشغەر» (پەرۋەردىگارنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۈمىد كۈتكۈچى ئەڭ خارۇزار بەندە موللا ئەھمەد بىننى مۇھەممەدئەمىن خوتەنىي ھىجرىيە 1342 ـ يىلى[1]، زۇلقەئىد ئېيىدا قەشقەردە قەلەمگە ئالغان) دېگەن ئەسكەرتىش بار. بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە «رەقەمى ھەزە سىنە 1343، فى زىلقەئدە بىدامولللا ئەھمەد ئۇفا ئەنھۇس ـ سەمەد» دېگەن ئەسكەرتىش بېرىلگەن. «ئەنەسخان تۆرەم» رادىفلىق پارسچە قەسىدىنىڭ ئاخىرىغا: «سىنە 1355، دەر شەھرى رەبىئول ـ ئەۋۋەل يەۋمۇن 9» (ھىجرىيە 1355 ـ يىلى[2] رەببىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى) دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن. قالغان ئۈچ خىل تىلدىكى بارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا «سىنە 1343 ـ يىلى[3]» دېگەن يىلنامە ئىزاھلانغان.

بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا ئۆز دەۋرىدىكى بەزى پەزىلەت ئىگىلىرى مەدھىيەلەنگەن. بەزى مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ، مەسىلەن، ئابدۇقادىر دامولللا قاتارلىق مەرھۇملارنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيەلەر ئوقۇلغان. شۇنداقلا بۇ قول يازمىغا يەنە خوتەننىڭ چىڭگىزخان دەۋرىدىن تاكى ئاپتور ياشىغان زامانىغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىسى ئىخچام شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان بىر كىچىك داستان كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستاندا ئاپتور تارىخىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان، پىشقان مۇتەپەككۇرانە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تارىخىي شەخسلەرگە قارىتا بەرگەن باھالىرى ۋە تا-

① مىلادىيە 1923 — 1924 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ؛ ② مىلادىيە 1936 — 1937 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ؛ ③ مىلادىيە 1924 — 1925 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

رىخىي بايانلىرى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي ۋە ھەققانىي بولغان. ئاپتور ھەربىر تارىخىي مەسىلىگە ۋە تارىخىي شەخسكە قارىتا باھا بەرگەندە ھەقىقەتنى، خەلقپەرۋەرلىكنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان. تارىخىي شەخسلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ خەلققە قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەنلىكىگە، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلىغان ياكى ياقلىمىغانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۇ ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ھەققىدە:

«بەدەۋلەت كېلىپ ئەندىجان شەھرىدىن،
تۇتۇپ ئالدى ھاجىمنى كۆپ مەكرىدىن.
خوتەننى نىياز ھاكىمغا بېرىپ،
بەدەۋلەت ئۈرۈمچىگە كەتتى كىرىپ.
بەدەۋلەت زەھەر يەپ ئۆلۈپ كورلىدا،
نىياز ھاكىم ئولتۇردى ئۆز ئورنىدا».
«نىياز ھاكىم كۆپ زۇلۇملارنى قىلىپ،
ئاخىر قاچتى مەسجىد، مەدارىس سالىپ».

بەدەۋلەتنىڭ خوتەنگە قويغان ھاكىمبېگى گەرچە مەدرىسە، مەسجىدلەرنى سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-نىڭ خەلققە كۆپ زۇلۇم سالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىر قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئاپتور ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان. ئاپتورنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بەرگەن باھالىرىدىن ئۇنىڭ دا-دىل، ھەققانىي ۋە خەلقپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بەزى تارى-خىي، ئىلمىي ۋە ئىدىيەۋى چەكلىمىلىكلەر ساقلانغان. مەسىلەن، ئاپتور ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا قويۇق ھالدا «خىتا» ياكى «قالماق» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. ئۇلارنىڭ ئېتنىك پەرقى ۋە مىللىي نامى بىلەن كارى بولمىغان. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە، پەنگە ئۇيغۇن بولمىغان، غەيرى ئىلمىي ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئەسەرلەردە بۇ خىل ئەھۋال ئو-مۇملىشىپ قالغان ۋە ئاپتورمۇ مۇشۇ خىل ئېقىمنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىغان. بۇ ئاشۇ دەۋر چەكلى-مىلىكلىرىنىڭ ئاپتور ئىدىيەسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، بۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش كې-رەك. مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پى-رىنسىپى بويىچە ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك، ھەقىقەتپەرۋەرلىك تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قى-لىشىمىز، ئىدىيەۋى چەكلىمىلىكلەرگە قارىتا تەنقىدىي نەزەردە قارىشىمىز زۆرۈر.

بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار مەيلى ئەرەبچە بولسۇن ياكى پارسچە بولسۇن ۋە ياكى تۈر-كىي تىلدا بولسۇن ناھايىتى راۋان، سەنئەتكارانە ماھارەت بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۈچ خىل تىلدا راۋان ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان كاتتا ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ-نىڭ نەزمىي شەكىلدە يازغان تېپىشماقلىرى، مۇئەممالىرى كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ. بۇ قول ياز-مىنىڭ بەزى بەتلىرى رەتلىك، بەزى بەتلىرى دەسلەپكى قارىلىما (كۆپىيە) ھالەتتە بولۇپ، ئاقچا كۆچۈ-رۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن بىز بۇ نۇسخىنى ئاپتورنىڭ ئاقچا كۆچۈرۈشتىن بۇ-رۇنقى ئۆز قول يازمىسى بولسا كېرەك دېگەن تونۇشقا كېلىمىز. تۆۋەندە بۇ قول يازمىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

## چىستانى مەنزۇمەئى تۈركىي

1

ئول نە كۈنبەزدۇر ئىشىكى، تۈنۈكى توقدۇر چونان،
ئىچىدە بىرمۇنچە قىزلار مەنزىل ئەيلەپدۇر مەكان.
سىندۇرۇپ گۈنبەزنى قىزلار ھالىدىن ئالغىل خەبەر،
پەردە تارتىغلىق يۈزىگە، بارچەسىنىڭ باغرى قان.

(بىلگىل، ئانار دۇر)

2

ئول نەدۇركىم ئۇزۇن ئەرمەس، يۇمۇلاق،
قۇيرۇغىنىڭ نىسفى قارا، نىسفى ئاق.
جانى بار ئادەمغە ئول لازىم ئېرۇر،
ھېچ كىشىنىڭ قاشىدىن ئەرمەس يىراق.

( شەمسدۇركىم، قۇيرۇقى لەيلۇ نەھار)

3

ئول نەدۇركىم، قۇدرەتى پەرۋەردىگار
بىر قەدەھدە ئىككى تۈرلۈك سۇيى بار.
بارچە مۇزلار ئوتقا تۇشسە سۇ بولۇر،
ئول سۇيىيكىم، ئوتقا تۇشسە مۇز بولۇر.

(بىلگىل، تۇخۇم)

4

بىر ئۇۋادىن ئوت ياڭلىغ قۇش ئۇچار،
تۇمشۇقى فۇلاددۇر تاشنى پىچار.
سورسالاركىم، جانى بارمۇ، جانى يوق؟
جانى يوقدۇر، جانى باردىن تېز ئۇچار.

(بىلسەڭىز، ئۇشبۇ قۇش مىلتىق ئوقىدۇر)

5

ئول نەدۇركىم قانغا ئوخشار، قانى يوق،
ئاچچىغى جەللادغا ئوخشار، جانى يوق.
ئول نەدۇركىم باشى بىرلەن باسىلۇر،
ئىككى قۇتلۇغ كىندىكىدىن ئاسىلۇر.
چۆرگۈلۈپ سىما قىلۇر باشى بىلەن،
يىغلاسا قوينى تولۇر ياشى بىلەن.

(بىل مۇنىكىم، ياغچىلارنىڭ قايچىسى)

6

قىلامەن قىكرى،
ئېتەمەن زىكرى.
بالاسى ھابىل،
ئاناسى بىكرى

(بىلگىل، دۇنيادۇر چەراكى مۇپەككىر — بالا-دۇر، مۇتەنەففىر — ئانادۇر)

7

ئول نەدۇركىم، كېچە - كۈندۈز تىنمايىن ئەيلەر سەپەر،
يوق ئاڭا ئىچمەك - يىمەكدىن، ئاچلىك ئەتمىش ئەسەر.
دائىما دەريادا يۈرگەي باۋۇجۇدىي تەشنەدۇر،
كەتكۈسى راھى ئەدەمگە قەترە سۇ ئىچسە ئەگەر.

[سۇفۇن - سەفىنە (كېمە - قىيىق)]

8

ئول نەدۇركىم، سەندە بارۇ مەندە بار،
ئول گۆھەرنى ئەيلەگەندە ئاشكار.
روھ بىرلەن دىلدا يوق، ھەر تەندە بار،
ئاسمانغا بىرنى بەردى كىردىگار.
بولدى ئەفلاتۇن ئانىڭدىن بەھرەۋەر،
بولمادى ئەمما ئەرەستۇغا خەبەر.
سەندە بارۇ مەندە بار، ئادەمدە يوق،
دېمەگىل ئادەمدە يوق، ئالەمدە يوق.

[ھەرفى نۇن (ن ھەرپى)]

10

ئىككىدىن بولدۇم جۇدا، قالدىم بەلاغە ئىككىدە،
ئىككى بىردۇر، بىر ئىكى، بىرنى تاپتىم ئىككىدە.
بولدى بىر ئىككىيۇ ئۈچ تۆرت بولمادى،
تۆرت بولدى، ئانى ھېچكىم بىلمەدى.

11

سەندە بارۇ مەندە بار، ئالەمدە بار،
بەلكى ئالەمدە ئەمەس، ئادەمدە بار.

## مۇئەممايىئى تۈركىي

### 1. بىئىسمى ئەئزەم

باشى ئىتنىڭ باشىدۇر، بوينى چايانىنىڭ كاللاسى
قورساقى زالىم باشىدۇر، قۇيرۇقى مۇزايباشى.

### 2. ئىسمى مۇئەمما

ئەمەكنىڭ، ۋالىدىڭنى ئالسا ئەگەر،
پۇت ئاياغىن يۇقارىغا كۆتەرۇر.

### 3. بىئىسمى جۇنەيد

بۇ بابلىدە تۇتتۇك
بىز ئانى مۇئەمما دېدۇك.

### 4. بىئىسمى قەلەندەر

ئىشىك ئالدىغا كەلدى بىر غۇلامى،
ئالىپ بەرگىل ئاڭا بىر پارە نانى
.

### 5. بىئىسمى خەلىل

ھەر كىشى بۇ ئىسمىنى ئىزھار قىلۇرغا تۇتسا كۆز،
كېچەنى يەتمىش قىلىپ ئۇرغاي باشىغا ئالتە يۈز.

### 6. بىئىسمى فاقا

بار ئىكەن ئالەم ئارا بىر نەغمەچى،
باشى سەكسەن بېلى يۈز، بىر ئاياغى.

### 7. بىئىسمى قەلەم

يۇرۇشى مۇز ئۇستىدە، مىڭ يىلدا يىتمەسدۇر ئىزى،
باشى يۈزدۇر، بېلى ئوتتۇزدۇر، قىرىقدۇر پۇتلارى.

### 8. بىئىسمى رەب ۋە مۇھەممەد

ئىككى يۈز ئىككىنى كىم ئىككى دېسە كۇفرىدا تاق
قىرىق سەككىز قىرىق تۆرتكە پۇتمەگەن خاتۇن تەلاق.

### 9. بىئىسمى نان

باشى ئەللىكدۇر بېلى بىر قۇيرۇقى مانەند باش،
ھەر كىشىغە لازىم ئۇلغاي خاھى قارى، خاھى ياش.

## قىتئەلەر

1

بەگۇيەم ساڭا، ئەي ئەخ، گۇش قىل، قەۋلى يامانىڭرا،
ئۇمىدىڭچە بەرى قىل سۆيى مىن يەئىبى ئەمانىڭرا.
شۇنەۋ ئۇچكۇنلۇ فىد ـ دۇنيا ھەياتىڭرا غەنىمەت بىل،
دىلى زى رۇھ ئاغرىتما نىگەھ تۇتگىل زەبانىڭرا.
بەگۇ ما ئەسلۇكە سەييىد ئەرەبسەن، تۇركۇ يا تاجىك،
تىلىڭدىن فەھم نەتۋان كۇللى مىن يەسمىئ- كەلامىڭرا.

2

ۋەلىلھەقىر
جالىس ئىن بەيتى قاسىم ئاخۇنەست،
ھەمرەھەش فىھى ھاشىم ئاخۇنەست.
ئەئلەمۇ ئىننى قەد ئەللەمتەھۇما،
يېگەلى بولار خالتادا ئۇنەست.

3

### ۋەلئۇستازىنا شەمسىددىن داموللام سانەھۇللاھۇ ئەنىل ـ ئەسقام ۋە ئالالام

رىزۋان بەر خۇم كەشۇد دۇرھايى بىھىشت،

يا يايدىمۇ گىيىسۇسىن ئۇشبۇ ھۆر سىرىشت.
ئەۋفاھۇ ئەشىيىيەتەن نەسىيمۇن ئەبەقۇن
مىن خەلقىكە قۇل لىقابىسۇن ـ نەۋۋەرە نەئىشت.

4

بۇخارىي بىرلە گەر بەرسەڭ تەئامىي،
سەمەرقەندىي بىلە بەرسەڭ يېمەسمەن.

5

سەن ئەگەر ئۆرگەنجى بولساڭ پۇشت پا ئۇر گەنجغە،
سەن ئەگەر خۇقەندىي بولساڭ قىلماغىل خۇ قەندىغە.

6

تېۋە ئۆلدى ئانىڭ ئۇرۇقلۇقىدىن،
ئۇستىدە ياغىنىڭكى جىقلىقىدىن.
ئاسماندا ئەمەس، زەمىن ئەمەس،
سۇبھىنىڭ ۋەقتىدەۋۇ شامغا يەقىن.

7

گەفنىڭ ياخشىسى — ياخشىلارنىڭ گەفى.

## چىستانى تۈركىي ھىسابىي

1

ئۇل نەدۇركىم، ھەۋادا بىر غاز بىر مۇنچە غازغا:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي يۈز غاز، — دېدى.
ئۇل غازلار ئايدىكىم:
— بىز يۈز ئەمەس، بەلكى بىز ۋە بىزلەرنىڭ يارىمىمىز ۋە يارىمىمىزنىڭ يارىمى بولسا ۋە سەن قوشۇلساڭ يۈز غاز بولۇرمىز، — دېدى.
— شۇل توپ غاز نەچچە بولۇر ئىكىن؟

2

بۇ جايدا يەنە نەچچەن سوئال باردۇر: ئەۋۋەل ئۇلكى، بىر زابۇتخانەدە 125 ئەر كىشى، 16 خاتۇن، 39 بالا ئىشلەر ئىكەن. خىدمەت ھەققىغە ھەرقايسى ئەركەكلەر 4 سومدىن، خاتۇنلار ئۈچ سومدىن، بالالار ئىككى سومدىن، 4 ھەفتە ھەممەلەرنىڭ ئالغان سوملارى قانچە بولۇر؟

3

ئىككىنچى، بىر ئادەم ۋەسىييەت قىلدىكى:
— ئىككى مىڭ ئىككى يۈز سوم پۇلۇم بار، نىسفىنى ئوغلۇم ئالسۇن، ئۈچتىن بىرىنى قىزىم ئالسۇن، قالغانىنى فۇقەرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلسۇن، — دەپ.
شۇل سوم ئۇشبۇ مەزكۇرلارغا قانچەدىن تېگەدۇر؟

4

ئۈچىنچى، خەييات 60 گەز ماۋۇت ھەرگەزى تۆت سومدىن ساتىپ ئالدى، 180 گەز ئەستەرلىك بىر سومدىن، 45 جىڭ فاختا ئالدى يېرىم سومدىن؛ ئون بەش دانە تون تىكتى؛ ھەربىرىنى 32 سومدىن ساتدى. ئۇشبۇ سۇرەتدە خەيياتغا نەچچە سوم فايدە قىلدى.

5

تۆتىنچى، بىر باي بىر مەدرەسەغە 1260 سوم ئاقچە خۇدايى بەردى ۋە ھەم مەكتەبخانەغە مەدرەسەغە بەرگەنىدىن 12 مەراتىبە كەم سومنى خۇدايى بەردى، شۇل باينىڭ مەكتەبخانەغە بەرگەن فۇلى قانچە ئىكەن؟

6

بەشىنچى، بىر سارايدا ئۈچ خىل ماشىنا بار ئىدى، بىرىنچىسى 69 سومدىن، ئىككىنچىسى 52 سومدىن، ئۈچىنچىسى 36 سومدىن ساتىلدى، بىرىنچىدىن يەتتە ماشىنا، ئىككىنچىدىن 16 ماشىنا، ئۈچىنچىدىن بىرنەچچە ماشىنا، مەجمۇئىنىڭ فۇلى 2215 سوم بولدى. بىلمەك كېرەككىم،

ئۇچىنچىدىن نەچچە ماشىنا ساتىلىپدۇر؟
بۇ يەردە بۇ نەۋئىدىن كۆپ چىستانى ھېسابىي بار ئىكەن. ئۇشبۇ مەزكۇرغا ئىكتىفا قىلىندى.

**لىداموللا ئەھمەدۇ ئۇفا ئەنھۇس- سەمەدۇ ھۇماھۇ مىن جىنسۇل- مەكرۇھاتۇ ۋەل- كەمەدۇ**

سەنايىم، خۇدا يا، ساڭا بىئەدەب،
ئەجەب شاھ بىلەشكەرۇ بىمەدەد.
بەشەر، جىن، مەلەك، جۇملە ئەرزۇ سەما،
قەمەر، كۈن، كەۋاكىب تەۋابىئى ساڭا.
ئەزەل تا ئەبەد پادىشاھلىق دەۋام،
دۇ ئالەم ھەمە ھۆكمىرانلىق تەمام.
قەدىمسەن، ۋۇجۇدۇڭغا يەتمەس مەلال،
سېنىڭ مۈلكۈڭا ئەسلا يەتمەس زەۋال.
سەنايىڭدا قاسىر مېنىڭ بۇ تىلىم،
ئەگەرچە بۇ تىل بولسا يۈزمىڭ تىلىم.

دۇئاۋۇ دۇرۇد شاھى لەۋلاكغا،
ۋۇجۇدى سەبەب ئەرزۇ ئەفلاكغا.
بولۇپ رەھمەتەل ـ ئالەمىن ئول نەبىي،
دېدى: «ئۇممەتىي، ئۇممەتىي، يا رەبىي».
كېلىپ ۋەھيى قىرىق ياشدا ئول زاتغا،
شۇرۇئ- قىلدى تەرتىلى ئاياتغا.
قىلىپ دەئۋەتى، ئىسلام ئاچتى رەسۇل،
زەلالەت ئېلى قىلدى ئىمان قەبۇل.
ئەرەب ئوتراسىغا تۈشۈپ ئىنقىلاب،
مۇسۇلمان بولۇپ ھەق يولىغا قاراپ.
كۆپەيدى مۇسۇلمان ھىدايەت تاپىپ،
كەرەم لۇتفىنى بىنىھايەت تاپىپ.
بولۇپ فەتھ مەككە يەنە رۇمۇ شام،
بۇ دىن ئەمرى ئەكمال تاپتى تەمام.
يىگىرمە ئۈچ سىنە ۋەھيىنىڭ مۇددەتى،
ئىدى ئاتمىش ئۈچ ياشىدا رىھلەتى.
سەھابە كىرام قالدى قائىم مەقام،
بۇ دىن ئەمرىگە قىلدى سەئيى تەمام.
خۇسۇسەن ئۇشول ئەربەئە باسەفا،
بۇلارگە يەقىن ھەق بىلەن مۇستەفا.

جىھاد ئەيلەدى ئەنفەسۇ مال ئىلە،
رىيازاتۇۋۇ تەڭگى ئەھۋال ئىلە.
بۇلاردىن كېيىن تابىئىن كەلدىلەر،
بۇلار ھەم مۇقەۋۋىئى دىن كەلدىلەر
ئۇلاردىن كېيىن تۇببەئۇت ـ تابىئىن،
بۇلار ھەم دىيانەتدەدۇر مۇتتەقىن.
خۇدا، رەھم قىل ئۇشبۇلارغا دەۋام،
كى دىن ئەمرىدە قىلدى سەئيى تەمام.
بۇ ئۈچ قەرنە خەيرۇل ـ قۇرۇن ئەردىلەر،
بۇلاردىن كېيىن كىزب فاش ئولدىلەر.
خىلافەت تەمام ئولغانىدىن كېيىن،
ئەمىرۇ مەلىك نام بولدى يەقىن.
بىرى ئادىلۇ سالىھۇ مۇتتەقىي،
بىرى زالىمۇ فاجىرۇ بىر شەقىي.
بىرى زىندە رەۋشەن دىلۇ رەھم دىل،
بىرى مۇردە دىل، سەنگ دىل، فەھم دىل.
كۆرۈپ ھەربىرى ئۆز يولىنى بەخەير،
قىلىپ ئۆتتىلەر قىلماشنى بەغەير.
زەمانە ئاخىرلاشتى، ئەي دىلرەبا،
تولا بولدى زۇلمۇ زىناۋۇ رىبا.
ئۆتۈپ ئەردى ھىجرەتكە بىر نەچچە يىل،
كۆپەيدى بىدەئى، فىسقلار نەچچە خىل،
بەنىي ئادەم ئىچرە تۈشۈپ ئىختىلاف،
قىلىپ فىرقەلەر بىر ـ بىرىگە خىلاف.
بولۇپ مۇنقەسەم يەتمىش ئۈچ فىرقەغە،
جەفا سالدىلار ھەر بىرى خەلقەغە.

فەقىر ئەمدى ئەيلەي خوتەندىن بەيان،
ئۆزەم كۆرگەنىم، ئىشتكەنىمنى ئەيان.
خوتەن ئەھلى قالماق ئىكەنمىش ئىدى،
بۇنى كۆھنەلەر ئۇشبۇ ياڭلىغ دېدى.
ۋە لېكىن بۇ سۆز ئەينى يالغان ئىكەن،
دېگەنلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ئىكەن.
خوتەن خۇب قەدىم ياخشى ئىسلام ئىكەن،
ئۇمۇرى شەرايىئى بەھۆككام ئىكەن.
ئۇشول ۋەقتدە بار ئېردى ئالىملارى،
ئۇلارغا غەزەب قىلدى زالىملارى.

تەمام ئالدى ئالەمنى چىنگىزخان،
ئانىڭدىن ھەممە ئەھلى ئالەم قىغان.
كېلىپ ھەر شەھەر ئالدىغا گەپ سوراپ،
قىلۇر ئەردى قەتل ياكى قاتتىغ ئەزاب.
ئالىپ مالىنى ئوت قويۇپ شەھرگە،
كىشى توغرى كەلمەس ئىدى قەھرىگە.
بۇ چىنگىزگە ئوخشاشكى كۆشلۈكخان
قىلىپ زۇلم ھەر جايغا بارغان زەمان.
ئۆزى بۇتپەرەست، خاتۇنى ئىسەۋىي،
ئىدى لەشكەرى ئارقادا پەيرەۋىي.
زەنەش بۇد تەرساۋۇ ئۇ بۇتپەرەست،
ئەز ئۇ دىنى ئىسلامدا بۇد شىكەست.
بەناگەھ كېلىپ كاشقەر شەھرىگە،
ئىبەردى ئۇلۇغلارنى يەر قەئرىگە.
يېدى لەشكەرى ئاشلىقنى تەمام،
خەراب ئولدى بۇ زۇلمىدىن خاسۇئام.
قىلىپ زۇلمىدىن كاشقەرنى خەراب،
رەۋان بولدى ياركەن، خوتەنگە قاراپ.
نە ئىش بولدى ياركەندە، مەن بىلمەدىم،
شۇبۇ ۋەجھىدىن مەن رەقەم قىلمادىم.
خوتەنغە كېلىپ ئول سەگى نابكار،
ھەمە ئەھلى ئالەمگە قىلدى جاكار.
دېدىكىم: «ھوزۇرۇمغا ھەر خاسۇ ئام،
يىغىلسۇن، جاكار ئاڭلاسۇنلار تەمام».
چىقىپدۇر ھوزۇرىغە ئۈچمىڭ كىشى،
ھەمە ئەھلى سەللە، دىيانەت ئىشى.
بۇ كۆشلۈك ئۇلار بىرلە بەھس ئەيلەدى،
ئۇلارنى شىبىتلىقغە ھەس ئەيلەدى.
خوتەن ئەھلىدىن ئالىمى پۇر فەننى،
مۇھەممەد ئەلائىددىن خوتەننى.
دەلىل بىرلە كۆشلۈكنى مۇلزەم قىلىپ،
شىبىتلىقنى ھەممەنى زەم قىلىپ.
بۇ كۆشلۈكغە ئەسلا بويۇن بەرمەدى،
مۇنازىرە ئىشدا ئورۇن بەرمەدى.
جەۋاب تاپمايىن كۆشلۈكى نامدار،
بولۇپ ھەر مويى نەشتەرى ئابدار.
تاڭىپ مەدرەسە تۈگرۈكغە ئانى،
شەھىد ئەيلەدى ھەق گەپىغە ئانى.
تاڭىغلىق تۇرۇپ ۋەئز ئىلە مەئرىفەت
بەيان ئەيلەدىلەر پەيەمبەر سىفەت.
ئەزىن پەس ۋەرا گۆشت بىشەرمۇ تەرس،
دەران مەدرەسە گۇ ھەمىي گۇفت دەرس.
بۇ كۆشلۈكنى ئۆلتۈردى چىنگىزخان،
يېدى بۇ كىچىك ئىتنى ئول چوڭ قاۋان.
ئۇشول ۋەقت تەئرىخى ھەجرىيغە تۈز،
زەمانە ھىسابى ئىدى ئالتە يۈز.
بۇ مەزكۇر: «رەۋزە سەفا»نىڭ سۆزى،
كىتابىنى كۆرەر پىتمەگەنلەر ئۆزى.
مۇھەممەد، ئەبدۇللاھ خانلىق دېگەن،
ئىكى پادشاھ زۇل ـ ئەدالەت ئىكەن.
بۇلار مىڭ بىلەن باز ئەللىكغىچە
ھۆكۈمەتدەدۇر خەتلە مەزمۇنىچە.
خوتەن، كاشقەرلەردە چوڭ مەدرەسە،
شۇلارنىڭ ئىكەن، ئىسمى «خانلىق» ئېسە.
ئانىڭدىن كېيىن نەچچە قالماقا،
تەتاۋۇل قىلىپ ھەربىرى كاللاپا.
كېلىپ ئەردى تەئرىخ ھەجرىيە مىڭ
ئىككى يۈز يەتمىش توققۇزىغا، بىلىڭ.
خوتەن ئەھلى ئاتچۇي مۇزافاتىدىن،
ئەمىر تېمۇر ھاجىم دېگەن زاتىدىن؛
ھەبىبۇللاھ نام ھەزرەت ھاجىم لەقەب.
كەرىمۇن ـ نوفۇسۇ شەرىفۇن ـ نەسەب.
خۇرۇج ئەيلەدى بۇ شۇجائەت سىفات،
خوتەننى ئەجەب ئەيلەدى فەتھ فات.
تۇتۇپ ئەردى ئۈچ يىل ھۆكۈمەت سۈرۈپ،
بەگى سەگ دورغانى ئۆلتۈرۈپ.
بەدەۋلەت كېلىپ ئەندىجان شەھرىدىن،
تۇتۇپ ئالدى ھاجىمنى كۆپ مەكرىدىن.
خوتەننى نىياز ھاكىمغە بېرىپ،
بەدەۋلەت ئۇرۇمچىغە كەتتى كىرىپ.
بەدەۋلەت زەھەر يەپ ئۆلۈپ كورلىدا،
نىياز ھاكىم ئولتۇردى ئۆز ئورنىدا.
نىياز ھاكىم كۆپ زۇلمىلارنى قىلىپ،
ئاخىر قاچتى مەسجىد، مەدارىس سالىپ.

بۇ ئىشلار تاۋۇشقان يىلىدە ئىدى،
مىڭۇ ئۈچيۈز ئەللىك بىرىدە ئىدى.
...*
ھۆكۈمەت تەمام بولدى ئون يەتتە ئاي،
ئىمارەتدە بولغان ئىدى نەچچە جاي.
شەرىئەت ئىشى جارىي بولغان ئىدى،
ئىماملار ئوقۇپ قارىي بولغان ئىدى.
بۇ يۇرتلار خەلايىققا بوستان ئىدى،
بەگۇ دورغا، باجگىرغا زىندان ئىدى.
ھۇدۇدۇ قىساس بولغان ئەردى رەۋان،
ئەدالەت بىلەن خەلق ئەردى ئەمان.
تولا ۋەقفلەر مۈلك بولغان ئىكەن،
زىناۋۇ رىبا يۇرتغا تولغان ئىكەن.
ئۇشۇل ۋەقف جايىغا يانغان ئىدى،
رىباخور رىباسىغا تانغان ئىدى.
زەكات بىرلە ئۇشرە ئالىنغان ئىدى،
ھەلاللىق يولىغا سالىنغان ئىدى.
ئول ۋەقتى ناھەق سورالغان سوراغ،
تۈزەلگەن ئىدى ھەر بىرى باش ـ ئاياغ.
بولۇپ ئالىمۇ ئىلمىنىڭ ئىززەتى،
بولۇپ ئەردى شىرىن كەلام لەززەتى.
مۇنىڭدىن بولەك ئىشنى ھەر ھەقشۇناس
بۇ مەزكۇرەغە قىلغۇسىدۇر قىياس.
ھۇدۇد شەرقى چەرچەن بىلەن چارخىلىق،
ئانىڭ غەربى ياركەن بىلەن قارغىلىق.
قىزىل يېڭىھسار بەلكى تابىئى ئىدى،
بۇ ئۇترا تەمامەن تەۋابىئى ئىدى.
بۇ ياڭلىغ خوتەن ياخشى ئىسلام ئىدى،
ئۇمۇرى شەرايىئى بىئەھكام ئىدى.
ھەمە ئىش مۇھەييائۇ گۈلدەك تولۇپ،
نە بولدىكى، بىلمەيمە، كەتتى توزۇپ.
...
«زەكات ئالدىيۇ ئۇشرە ئالدى» دېدى،
«سامان ئالدى، فۇل ئۆتنە ئالدى» دېدى.
بۇلار قىلدى ئۇشرە ـ زەكاتنى قىياس،
غەللە بىرلە باجلارغا، ئەي ھەقشۇناس.

مۇشۇنداغ دېگەننىڭ مۇكافاتىغا،
ھەمە ئاشنى بەردى بۇلار ئاتىغا.
رەئىيە ئەجەب ئاجىزۇ بىئىلاج،
ئىكەنمىز، مىنىپ قالدى يۈز مىڭ خىراج.
تۆگە قويدى يۇرتلارغا قوي ھەم كالا،
قارى تۇل خاتۇنلارنى قويماي چالا.
قېرىم، كۆن بىلەن خامۇ چەكمەنلەنى،
سالىپ يۇرتغا زەنبىلۇ كەتمەنلەنى.
قازان قويدى، چاگۇن، چىنىي ھەم ئاياق،
ئەگەر بەرمەسە، ئول كىشىغە تاياق.
تاغار قويدى، ئاغرامچى قويدى ئېشەك،
ياغاچ قويدى، يۇڭ قويدى، يىپ ھەم كېپەك.
سۇپۇگە، چۇمۇچ، جادۇ بىرلە قىچاق،
پاسارۇ قۇمۇش، زاغرا بىرلە قاپاق؛
يىلىمۇ ئوتانۇ رەۋەندۇ كۆمەر،
كىگىزۇ گىلەم، تۇچ، توقامۇ ئىگەر؛
پىچانۇ سامان، ئارپا، بۇغداي، قۇناق،
ئانىڭدىن بولەك قانچە ئالۋان ـ ياساق.
قوناقۇ پىچاندا سەفىل سالدىلار،
ياساق بەرمەگەندىن كەفىل ئالدىلار.
يەنە بۇ پىچانۇ قوناق ئاز ئەمەس،
ئاسانلىقچە مەزكۇرەلەر ئەرزىمەس.
بۇ ئىش دەستىدىن ئۇشبۇ بۇغداي ـ قۇناق،
پىچاننى توشۇپ قارى، ئاقساق، چوناق.
تەرەفلەردەكى يوللا گويا بازار
بولۇغلۇق، ياساق كۆپلۈكىدىن ھازار.
تەرەفلەردە ئەسكەرگە ئادەم تۈتۈپ،
بۇ ئەسكەر تەرەفدارى ماتەم تۈتۈپ.
...
بۇلارغا تېخى ئۆتمەدى ئالتە ئاي،
رەئىيە، مۇسۇلماننىڭ ھالىغا ۋاي.
بۇ ئالۋاننى توختاتسا بولماسمىدى،
بۇ ئالغاننى يەپ ياتسا بولماسمىدى.
يېتىپ مۇنتەھا زۇلمىنىڭ غايەتى،
بۇ ئىشدۇر قىيامەتغە بىر ئايەتى.
تۈتۈپ ئالدى ھەر كىمنى ياش بولسالار،

* ــ ئەسلىي قول يازمىدا بىر قىسىم مەزمۇن ئۆچۈپ كەتكەن.

سالىغ قويدى ھەر كىمگە باش بولسالار.
...
يىغىپ ئالدى كۆللەن ھۆنەر بەندىلەرنى،
توساقچىغا قويدى كەمەر بەندىلەرنى.
بۇ تىلسىمغا كىرگەنلە چىققانى يوق،
كەسەل بولغانىڭ ساقايغانى يوق.
ھۆنەر جىق، قورساق ئاچ، تاياق زەربىدىن،
كىچە ئۇيقۇ يوقكىم، تاماق زەربىدىن.
ئەگەر مىڭ كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسەلەر،
ۋەگەر زۇلمىدىن يەنجىلىپ كەتسەلەر؛

كېلىپ قىلسىلەر ئەرز ئىلە دادنى،
ۋە گەر ئەيلەسە نالە ـ فەريادنى؛
«تۆگەپ قالدى ئاشلىق» دېگەن بىرلە ھەم،
«تۆگەپدۇر سامانلىق» دېگەن بىرلە ھەم؛
«فەلانى ماڭا زۇلم قىلدى» دېسە،
«فەلان يۈز باشى جىقنى ئالدى» دېسە؛
«رەئىيىيە تۆگەپ كەتتىلەر» دېسەمۇ،
«خەلايىق ئۆلۈپ كەتتىلەر» دېسەمۇ؛
مۇنى ئاڭلاماقغا نە يەردە قۇلاق،
مۇنى ئاڭلاماقغا قانى كۆڭلى ساق؟



این ابیات مرکبه از عرب و فارسی و ترکی از سید اردلانی علوی مشهور آفاقی است

[illegible]

[illegible]

والحقیر

جالس این بیت قاسم آخونست هر شی فیه هاشم آخونست

لعلوا انی قد علمتها بیگانی بولار خالته ده عوی است

ولاستاذنا شمس الدین دا ملامه صانه الله عن الاسقام والآلام

رضوان بر خرم گشود درهای بهشت یا یادیمو گیسوسین اوشول حور سرشت

ادفاح عشیة نسیم عبق من خلقک قالی قاشی النوعشت

[illegible]

بو خواری برله گر رسانک طعامی

تر قندی بیله ر سانک بیماسمی

سن گر ادر نگجی بولسانگ بهشت یا اورنگجی مه

سن اگر خوقندی بولسانک قیلما نمیل خوقندی مه

گور نینک یمرتی ریحت نینک گیا

## معمای ترکی

باسم اعظم. باشی ایت نینک باشیدور بوینی چیان نینک کلاسی قوریا تم ظالم شیدور قویردغی خدای باشی

باسم معا عمکینیک والدینیک نی آلر اگر فوت ایاغی یوقاریغه کوتاردور باسم جنید بوبابلیده تونوک بیزانه جمله دیبک

باسم قلندر ایشیک آلدیغه کلدی بر غلامی الیب برکیل انکا بر باره نانی

باسم خلیل هرکشی نو اسم نی اظهار قیلورغه توتسه کوز کیچه نی یتیمیش قیلیب اوغا باشیغه آلته یوز

باسم نقا بار ایلان عالم آرا بر نغمه چی باشی سکان نی بیلی یوز بر ایاغی

باسم قلم یوروشی موز اوستیده مینیک بیلده بیتیمسدور ایزی باشی یوزدور بیلی اوتوزدور قرق قویتلار

باسم رسو محمد ایکی یوز ... کیم ایکی دیسه ... کفر بیده طاق قرق سکز قرق تورت کا قوتمکان خاتون طلاق

باسم نان باشی اللیک دور بیلی بر قویروغی مانند باش هرکشی غه لازم اولغای خواه قری خواه یش

## چیستان ترکی حسابی

ایکی دین بولدوم جدا قالدیم بلا غه ایکیده ایکی بردور بر ایکی بر تا فتیم ایکیده واالله اعلم خطا لانه وقع سهوا به فیه قبل

بولدی بر ایکی اوچ تورت بولمادی تورت بولدی آنه بیچ ام بیلمادی (سنده باز منده بار عالم ده بار بیلگان عالم ده اعیس آدم ده بار

[illegible]

... پانچه دین تیکادور ۳۰ نیچی بر ضیاط ۶۰ گز ساوت هر گزی ۳۰ سوم دین ساتیب آلدی ۱۸۰ گز استر لیک بر سوم دین ۲۵ جینک ساخته آلدی

یریم سوم دین ادان بنی دانه تو ان تیکدی ... ۳۲ سوم دین ساتدی اوشبو صورتده خیاط غه نچه سوم فایده تیکدی ۳۰ نیچی بر بابی ... ۱۳۰

[illegible]

لە املا احمد عفی عنه الصمد وجاه من جنس المکروهات والکمد
امین
۲۸۲

ثنا یم خدایا سنکا بی عدد
عجب شاه لی لشکر بی مدد

بشر جن ملک جمله ارض و سما
قمر کون کواکب توابع سنکا

ازل تا ابد پادشالیق دوام
دو عالم همه حکم انلیق تمام

قدیم سن وجود ونکغه یتماس ملال
سنینک ملکینکا اصلا یتماس زوال

ثنا ینکغه ده قاصر منینک بو تیلیم
اگرچه بولسه یوز مینک بو تیل تیلیم

دعا و درود شاه لولاک غه
وجودی سبب ارض و افلاکغه

بولوب رحمة العالمین اول نبی
ویردی امتی امتی یا ربی

کیلیب وحی قرق یاشده اول ذاتغه
شروع قیلدی ترتیل آیاتغه ×

قیلیب دعوتی اسلام آچتی رسول
ضلالت ایلی قیلدی ایمان قبول

عرب اوتراسیغه توشوب انقلاب
مسلمان بولوب حق یولیغه قراب

کوپایدی سلمان هدایت تاپیب
کرم لطف نی بی نهایت تاپیب

بولوب فتح مکه ینه روم شام
بودین امری اکمال تافتی تمام ؛

یکرم اوچ سنه وحی نینک مدتی
ایدی آلتمیش اوچ یاشده رحلتی

صحابه کرام تالدی قائم مقام
بودین امرینی قیلدی سعی تمام

خصوصا اوشول اربعه با صفا
بولارکا یقین حق بیلان مصطفی "

جهاد ایلادی انفس و مال ایله / ریاضات تنکی احوال ایله
بولاردین کیین تابعین کلدیلار / بولاریم متقی دین کلدیلار
اولاردین کیین تبع التابعین / بولاریم دیانتده متقین
خدا رحم قیل اوشبولارغه دوام / که دین امریده قیلدی سعی تمام
بو اوچ قرن خیر القرون ایردیلار / بولاردین کیین کذب فاش اولدیلار
خلافت تمام اولغاندین کیین / امیر و ملک نام بولدی یقین
بری عادل و صالح و متقی / بری ظالم و فاجر و بر شقی
بری زنده روشندل و رحم دل / بری مرده دل سنکدل و فحم دل
کوروب هر بری اوز دولتینی بخیر / قیلیب اوتتیلار قیلماشینی بغیر
زمانه اخیرلاشتی ای دلربا / تولا بولدی ظلم و زنا و ربا
اوتوب ایردی هجرت تکا بر خیل / کوبایدی بدع و فسق لار بر خیل
بنی آدم ایچره توشوب اختلاف / قیلیب فرقه لار بر بریلا خلاف
بولوب منقسم یتمش اوچ فرقه غه / جفا سالدیلار هر بری خلق غه
فقیر ایدی ایلادی ختنی دین بیاغ / اوزام کورگانیم ایشتکانیم نی عیاغ
ختنی اهلی قانداق ایکانیش ایری / بو فی کهنه لار اوشبو ینکلیغ دیری
ولیکن بو سوز عیبی یالغان ایکان / دیکانلار نینک اجرادی بولغای یمان !

ختن خوب قدیم بخشی اسلام ایلان / امور شرایع باجلام ایلان

اوشول وقت ده بار ایردی عالم لاری / اولار نی غضب قیلدی ظالم لاری

تمام آلدی عالم نی چینگیز خان / اننگ دین همه اهل عالم فغان

کیلیب هر شهر آلدیغ کب سورآب / قیلور ایردی قتل یا که قاتیغ عذاب

الیب مالینی ادت قوب شهرگا / کیشی توغری کلماس ایدی قهرگا

بو چینگیز خان اوچ اشی که کوشلوک جان / قیلیب ظلم هر جایغه بارغان زمان

ازی بت پرست خاتونی عیسوی / ایدی لشکری آرقه ده بیردی

زنش بود ترسا و او بت پرست / از و دین اسلام را بود شکست

بناگه کیلیب کاشغر شهریگا / ایباردی اولوغ لارنی یرقغ بیگا

ییدی لشکری آشلیقینی تمام / خراب اولدی بو ظلم دین خاص عام

قیلیب ظلم دین کاشغرنی خراب / روان بولدی یرکند ختن غه قراب

نه ایشی بولدی یرکنده من بیلمادیم / بشو جهید دین من رقم قیلمادیم

ختن غه کیلیب اول سگ نابکار / همه اهل عالم کا قیلدی جکار

دیدی یکم حضور ومغه هر خاص عام / یغیلسون جار آنکلا کونلار تمام

چو ... رحضوریغه اوچ مینگ کیشی / همه اهل صلحه دیانت ایشی

بو کوشلوک اولار برله بحث ایلادی / اولارنی شبهت لیقغه حث ایلادی

ختن اهلیدین عالم پرفنی — محمد علاء الدین ختنی
دلیل برادکو شکوکنی ملزم قلیب — شبهت لیقنی هم کفری ذم قلیب
بوکو شکوک اصلا بولدی بعد — مناظره ایشده اوردون بر مهدی
جواب تاپماین کو شکوک نامدار — بولوب هر مویی نشتر آبدار
تانگیب مدرسه توگروکیغه انی — شهید ایلادی حق گیپغه انی
تانگیغلیق توروب وعظ ایتکه مقت — بیان ایلادی لار پیمبر صفت
ازین پس ورا گشت بیشرم و ترس — دران مدرسه کو هم گفت درس
بوکو شکوکنی اولتوردی چنگیز خان — بیدین بو چیک ایت لی اول چونگ قان
اوشول وقت تاریخ هجریغه توز — زمانه حسابی ایدی آلته یوز
بوموکور روضه صفائینک سوزی — کتابنی کوراز فتیا گانلار رازی
اینک دین کیین یخه قالماق خطای — تطاول قیلیب هر بیری کلایای
کیلیب ایردی تاریخ هجریه مینک — ٧٤ لیک یوز تمیش توقوز بیلنک
ختن اهلی آخوند مغافا تیدین — امیر تیمور حاجم دیگان ذاتیدین
حبیب الله نام حضرت حاجم لقب — کریم النفوس شریف النسب
خروج ایلادی بو شجاعت صفات — خلقنی عجب ایلادی فتح فات

[illegible]

زكاة آلورى عشره آلورى ويدى سمان آلورى فل اوتنه آلورى ويدى
بولار قيليلورى عشره زكاتينى قياس غله برله باج لارنى اى حق شناس
مشو نزاغ ديكان نينك مكافاتيغه هم آشني بروى بولار آ تيغه

رعيه عجب عاجز بيعلاج ايكانيز منيب قالورى يوزمينگ خراج
توكه قويدى يوز تيلانر قوى هم كلا قرى تول خاتونلارنى قوياى چپلا
قريم كون بيله خام چكمن لرنى ساليب يورتغه زنبيل كيتمونلرنى
قران قويدى چاگون جنى هم ايقيه اگربرسه اول كشيغه تياق
تغار قويدى آغرامچى قويدى ايليك يغاچ قويدى يونگ قويدى يف هم كنگك
بيليم اوتمان روند گمر كيكنز كلم توج توقام ايگر
فيچان سمان آرقه بغداى قوناق انينكيدين بولاك قالغان آلوان ياساق
قوناق نى فيچانوا سغيل ساليلاك ياساق برمكانيدين كغيل آلديلار
ينه بو فيچان قوناق آزايمس آسا نليقيچه نوكورلار ارزيمس
بو ايش دستيدين اوشبو بغداى قوناق فيچان نى توشوب قرى آتقى چوناق
طرفلاردا اكر يول له گويا بزار بولوغلوق ياساق كوبلوكيدين هزار
طرفلاردا عسكرگا آدم توتوب بو عسكر طرفدارى ماتم توتوب

[illegible]

بولار رغبتی اعتمادی آلته ای
رعیه مسلمان نینگ حالیغه وای
بو الوان نی توختاتسه بولماسمیدی
بو آلغان نی بیب یاتسه بولماسمیدی
تیب منتهی ظلم نینگ غایتی
بو ایش دور قیامت غه برآیتی

توتوب آلدی هر کیمنی یاشی بولسه لار
سالیغ قویدی هر کیمغه باشی بولسه لار

یغیب آلدی کلاه هنربندلارنی
توساغیغه قویدی کمربندلارنی
بو ظلم کرگانده جیقغانی یوق
کسل بولغانی نینگ سقایغانی یوق
اولوب کتتی برنچه صاحب هنر
خدایا اوزونگ بو بلانی کوتر
هنرچیق قوشقانچ تپاق ضربیدین
کیچه اویقوسی یوق کم تماق ضربیدین
اگر مینگ کشی لار اولوب کتسه لار
وگر ظلم دین یغیلیب کتسه لار
کیلیب قیلسه لار عرض ایلدادنی
وگر ایلاسه ناله فریادنی
توکاب قالدی آشلیق دیکان برلیم
توکابدور سمانلیق دیگان برلیم
فلانی منگا ظلم قیلدی دیسه
فلان یوزباشی جیقینی آلدی دیسه
رعیه توکاب کتتی لار دیسه مو
خلایق اولاب کتتی لار دیسه مو
مونی آنگلاماقغه نیرده قولاق
مونی اونگلاماقغه قنی کونگلی ساق

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەممەت ئەلى

# قەشقەر تېكىستلىرىدىن تۆت پارچە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** قولىمىزدىكى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، بارائەت ئېيى ۋە مىراس ھەققىدىكى تۆت پارچە كونا ئۇيغۇرچە تېكىستنى قەشقەرلىك مۇھەممەت ئەلى 1905 – يىلىدىن 1910 – يىلىغىچە قەشقەردىكى شۋېت كونسۇلىدا تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە يازغان. تېكىست خوتەن قەغىزىگە خەتتى نەستەلىق نۇسخىدا يېزىلغان بولۇپ، تېكىستنىڭ بەت يۈزىدىكى ئىگىلىگەن ئورنى 5.22 × 36 سانتىمېتىر. بۇ تېكىستلەر قەشقەردىكى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن يىغىپ ساقلانغان، كېيىن قەشقەردىن ئېلىپ كېتىلىپ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى» نامىدىكى207 – نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانغان.

بۇ كونا ئۇيغۇرچە تېكىستلەر «قۇربان ھېيتنىڭ بايانى»، «روزا ھېيتنىڭ بايانى»، «بارائەتنىڭ بايانى» ۋە «مىراسنىڭ بايانى»دىن ئىبارەت تۆت پارچە ئەسەر بولۇپ، بۇلاردىن ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ھېيت – بايرامنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقى ۋە مىراسنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

بۇ ھۆججەتلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتىنشۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلدى.

## ئىيدى قۇرباننىڭ بەيانى

**ترانسكرىپسىيەسى:**

قەدىمۇل – ئەييامدىن① بەلكى ھەزرەتى ئەبۇلبەشەر ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىدىن تارتىپ بار ئىكەن. قەدىملىقى شۇبۇ دەلىل بىلەن سابىتدۇركى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغۇللارى قۇربانلىق

① قەدىمۇل – ئەييام — بۇرۇنقى زامان، ئىلگىرى؛ ② مەقتۇل — قەتل قىلىنىش.

عید قربان نینک بیانی

قدیم الایام دین بلکه حضرت ابو البشر آدم علیه السلام نینک وقت لاریدین تارتیب بار ایکان قدیم لیکی شبو دلیل بیلان ثابت دور که آدم علیه السلام نینک ایکی اوغول لاری قربانلیق اوستیده بهانه قیلیب بری مقتول بولدی قربانلیق دیکان مخلوق نینک عبادت طریقه سیدا قادر مطلقغه کلتورادورغان هدیه سی ایکان قربان همه دین قدیم بنی آدم ارا سیدا مشهور معروف بولغان رسم دور قدیم دین ایلکاری پیغمبرلار قربانلیق قیلیب دعا قیلیب یانار ایکان ذوالحجه ای نینک اونی کونی عید قیلیب قربانلیق قیلماق اهل اسلام نینک حج نینک تکرمی تعظیمی اوچون دور چونکه که کابا ریب حج قیلغانلار احرام دین چیقادور عید قیلادور شو اعتبار بیلان انکا بنا قیلیب عید قیلیب قربانلیق قیلیب عید قربان آتانیب دور

بو الته شهرده عید قربان قیلادورغان رسملار عید قربان کلسه استطاعتی بار کرسه یعنی قربانلیق قیلغانالی کوچی یتکان کشی قربانلیقغه عیبسیز بر قوچقار اولتوروب قربانلیق قیلیب کوشتنی پوشوروب شورپا قیلیب و یا آش قیلیب برادور عید نمازینی اوتاگاندین کین بر بری بیلان کوروشوب ایام شریفلاریغه یعنی اولوغ کونلاریکا مبارک بولسون دیب ایتیشیب اویدین اویکا یوروب طیار بولغانی ییشیب یورادور اوچ کونغچه عید قیلادور

هندستان کشمر مسافر خلقلار مستطیع بولغانلار یعنی بایلار هر بر کشیکا بر قوچقار قربانلیق قیلادور بولماسه بر قوچقار عیبسیزنی همه اهل خانه سی اوچون ذبح قیلیب همسایه لاریغه خام کوشتدین نصفنی اولاشتوروب بریب نصفنی اوزی ییدور بر برلاری برله کوروشکاندا قوچاغلاشیب ثواب حاجیان و غازیان دیب ایتیشیب کوراشادور

ئۈستىدە بەھانە قىلىپ بىرى مەقتۇل بولدى. قۇربانلىق دېگەن مەخلۇقنىڭ ئىبادەت تەرىقەسىدە قادىرى مۇتلەققە كەلتۈرەدۇرغان ھەدىيەسى ئىكەن. قۇربان ھەممەدىن قەدىم بەنى ئادەم ئاراسىدا مەشھۇر مەئرۇف بولغان رەسىمدۇر. قەدىمدىن ئىلگەركى پەيغەمبەرلەر قۇربانلىق قىلىپ دۇئا قىلىپ يانار ئىكەن. زۇلھەججە ئايىنىڭ ئونى كۈنى ئەيد قىلىپ قۇربانلىق قىلماق ئەھلى ئىسلامنىڭ ھەجنىڭ تەكرىمى تەئزىمى[1] ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مەككىگە بارىپ ھەج قىلغانلار ئىھرامدىن چىقادۇر، ئىيد قىلادۇر. شۇ ئىئتىبار بىلەن ئاڭا بىنا قىلىپ ئىيد قىلىپ قۇربانلىق قىلىپ ئىيدى قۇربان ئاتانىپدۇر.

بۇ ئالتە شەھەردە ئىيدى قۇربان قىلادۇرغان رەسىملەر: ئىيدى قۇربان كەلسە ئىستىتائەتى[2] بار كىمەرسە، يەئنى قۇربانلىق قىلغالى كۈچى يەتكەن كىشى قۇربانلىققا ئەيىبسىز بىر قوچقار ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىپ گۆشتى پۇشۇرۇپ شورپا قىلىپ ۋە يا ئاش قىلىپ بېرەدۇر. ئىيد نەمازىنى ئۆتەگەندىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەييام شەرىفلارىغا[3]، يەئنى ئۇلۇغ كۈنلەرىگە مۇبارەك بولسۇن، دەپ ئايتىشىپ ئۆيىدىن ئۆيگە يۈرۈپ تەييار بولغانىنى يېيىشىپ يۈرەدۇر. ئۈچ كۈنگىچە ئىيد قىلادۇر.

ھىندۇستان، كەشمىر مۇسافىر خەلقلار، مۇستەتىئ[4] بولغانلار، يەئنى بايلار ھەر بىر كىشىگە بىر قوچقار قۇربانلىق قىلادۇر، بولماسا بىر قوچقار ئەيىبسىزنى ھەممە ئەھلى خانەسى ئۈچۈن زەبھ[5] قىلىپ ھەمسايەلەرىغە[6] خام گۆشتدىن نىسفىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، نىسفىنى ئۆزى يەيدۇر. بىر ـ بىرلەرى بىرلە كۆرۈشكەندە، قۇچاغلاشىپ، سەۋابى ھاجىيان ۋە غازىيان،[7] دەپ ئايتىشىپ كۆرەشەدۇر.

## روزە ئىيدىنىڭ بەيانى

ئوتتۇز كۈن روزە تۇتقاندىن كېيىن، ئەرتەسى ئاغىز ئاچىمىز، دەپ يەيدۇر. بەئزىلەر نەماز ئۆتەپ ئاندىن ئىفتار قىلادۇر. بەئزىلەر يەپ ـ ئىچىپ بولۇپ نەمازغە بارادۇر. يىگىت ئىگىنلەرنى كېيىپ ياسانىشىپ نەمازغە بارادۇر. نەمازدىن يانىپ مەقبەرە ـ مەزارلارغا بارىپ دۇئا قىلىپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە باراشىپ فاتىھە

① تەكرىمى ۋە تەئزىمى — ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش. ② ئىستىتائەت — قۇردرىتى بار، يار بەرگەن؛ ③ ئەييام شەرىف — ئۇلۇغ ئايەم؛ ④ مۇستەتىئ — قادىر بولغان، كۈچى يەتكەن؛ ⑤ زەبھ — بوغۇزلاش؛ ⑥ ھەمسايە — قوشنا؛ ⑦ سەۋابى ھاجىيان ۋە غازىيان — ھاجىلار ۋە غازىلارنىڭ ساۋابى.



روزی عیدنینک بیانی

... او توز کون روزه توتقان دین کین ارته سی اغز
اچا یزدیب عید دیب عید قیلار نماز او تاب اندین افطار
قیلادور و بعضیلار ایچیب بولوب نماز غه بارادور
بنکی ایکین لاری کیب یاسانیب نماز غه بارادور نماز
دین یانیب مقبره مزارلارغه باریب دعا قیلیب اوی
لارکا باراشیب ناشتا اوتوب متصل اوچ کون عید
قیلادور اغنیالار اراسیدا اون داون بیش کونغچه رات
یقین داکی لارنی عیدلایدور بر برلاری بیلان کورشکاندہ
ایاملارینغه مبارک بولسون دیب قول توتاشادور
ایر مظلوملار اراسیدا شبو طریقه عید قیلاشادور چونک
خوشلوق قیلیب اوچ کونغچه ایش قیلمایدور نقاره
اوسول مغرب اویان کولکو عاملار نینک ایچیده جاری
مشهوردور کیچک بالالار ایچیده یانغاق اوینا ماق توپکوچ
اوینا ماق قیماز بازلار اراسیدا قیمار اوینا ماق اولار نینک
ایشیدور

ئوقۇپ مۇتتەسىل ئۈچ كۈن ئىيد قىلادۇر. ئەغنىيالار ئاراسىدا ئون ۋە ئون بەش كۈنغىچە يىراق – يېقىندىكىلەرنى ئىيدلايدۇر. بىر – بىرلەرى بىلەن كۆرۈشكەندە، «ئەييامىلارىغا مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ قول تۇتاشادۇر. ئەر مەزلۇملار ئاراسىدا شۇبۇ تەرىقە ئىيد قىلاشادۇر. چوڭ خوشلۇق قىلىپ ئۈچ كۈنغىچە ھېچ ئىش قىلمايدۇر. نەققارە[①]، ئۇسسۇل، مەشرەپ، ئويان – كۈلكۈ ئاملارنىڭ ئىچىدە جارى مەشھۇردۇر. كىچىك بالالار ئىچىدە ياڭاق ئويناماق، توپكۈچ ئويناماق قىمازبازلار ئاراسىدا قىمار ئويناماق ئۇلارنىڭ ئىشىدۇر.

## بەرائەتنىڭ بەيانى

بىر ئايدۇر، ئانى شەئبان ھەم ئايتۇرلار. مەزكۇر ئاينىڭ ئون بەشىنچى كېچەسى ئەھلى ئىسلام ئاراسىدا ئەزىز بىر ھۆرمەتلىك كېچەدۇر. ئۇل كېچەدە خاسلارنىڭ قىلادۇرغان ئەمەللەرى نەفلى نەماز ئوقۇماق، گۇناھلارىغە ئىستىغفار ئايتىماق، مەزار – قەبرىستانلارغا بارىپ شام نوكچە قاداماق، قويماق نان قەبرىستانغا ئالىپ بارىپ، قۇرئاننىڭ سۈرەلەرىدىن ئوقۇتتۇرۇپ، ئوقۇغان كىشىگە بەرمەك، ھەممە كىشىلەر ئۆز ئاتا – بابا، قەۋم – قەرىنداشلارىنىڭ قەبرەسىگە بارىپ ئۆلۈك ئۈچۈن «قۇرئان»دىن ئايەتلەر ئوقۇپ مەغفىرەت تىلەمەك، ئۆز ئۆيىگە يانىپ كېلىپ ھەم ھەربىر ئۆلگەن ئۆلۈكلەرىنىڭ ئىسمىگە ئاتاپ شام ياقماق يا زىغىر ياغىدا ياغاچلارغا پاختا يۆرگەپ زىغىر ياغقا چىلاپ نوكچە قىلىپ قاداماق، خاسلار تاڭ ئاتقۇنچە نەفل نەماز ۋە «قۇرئان» ئوقۇپ تاڭ يورۇغۇنچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلماقدۇر. ئام خەلقلەر كوچەلارغە چىقىپ ۋە بىر ياغلىق قاپاق تاپىپ بىر خادا ئۈستىگە چىقارىپ ئوت ياقىپ «قۇرئان»دىن بىر سۈرە ۋەششەمسى[②] ئايەتىنى ئوقۇپ شاۋقۇن سالىپ يۈرەرلەر. ئانىمىڭ تولالارى نەغمە – نەۋا بىلەن، ياشلارى چالىشماق ئويناماق بىلەن تاڭ ئاتقۇزارلار. ئەمما، خاسلار ئۇل كېچە گۇناھلارىنىڭ مەغفىرەتى ئۈچۈن يىغلاپ، ئۆلۈك ۋە تىرىكلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئۇخلىماسلار ۋە يەنە ئۇل كېچەدە خەۋف رىجا غالىب مۇسۇلمانلارغا بولۇر. خەۋف ۋە رەجا[③]، يەئنى ئۇل كۈنى دەۋزەخنىڭ قورقۇنچلۇقى ۋە ھەم بەھىشتنىڭ ئۈمىدى ھەر ئادەم كۆڭلىگە تۈشەر. چۈنكى، كېچە تاڭ ئاتقۇنچە



براتنینک بیانی

بر ایدور ثانی شعبان هم ایتولار مذکور آی نینک اون بشینچی کیچه سی اهل اسلام
اراسیدا عزیز بر حرمتلیک کیچه دور اول کیچه ده خاص لار نینک قیلادورغان
عمل لاری نفل نماز اوقوماق گناه لار غه استغفار ایتماق مزار قبرستانلارغه
باریب شام نوکچه قاداماق قویماق نان قبرستانغه الیب باریب قرآن نینک سوره
لاریدین اوقوتوروب اوقوغان کشیکا برماک همه کشیلار اوزلاری اتا بابا قوم قرینداش
لاری نینک قبره سیکا باریب اولوک اوچون قرآن دین آیت لار اوقوب
مغفرت تیلاماک اوز اویکا یانیب کلیب هم هر بر اولکان اولوکلاری
نینک اسمیکا آتاب شام یاقماق یا زغیر یاغیدا یغاچلارغه پاخته یورکاب زغیر
یاغقه چیلاب نوکچه قیلیب قاداماق خاصلار تانک اتقونچه نفل نماز
قرآن اوقوب تانک یورغونچه اوخلاماي عبادت قیلماق دور عام خلق لار
کوچه لارغه چیقیب و بر یاغلیق قپاق تاپیب بر خادا اوستیکا چیقاریب
اوت یاقیب قرآن دین بر سوره والشمس آیتینی اوقوب شاوقون
سالیب یورارلار عام نینک تولالاری نغمه نوا بیلان یاشلاری چالیشماق
اوینماق بیلان تانک اتقوزارلار اما خاصلار اول کیچه گناه لاری نینک
مغفرتی اوچون یغلاب اولوک و تیریک لار اوچون دعا قیلیب اوخلاماسلار
و ینه اول کیچه ده خوف و رجا غالب مسلمانلارغه بولور خوف و رجا یعنی
اول کونی دوزخ نینک قورقونچلوقی و هم بهشت نینک امیدی هر کشی
کونکلیکا توشار چونکه کیچه تانک اتقونچه کراما الکاتبین فرشته لار
تمام بر یل قیلغان یخشیلیق و یمانلیق عمل دفترینی کوترور لار انکا بنا قیلیب
یخشیلیق قیلغانلار نینک رزقی اوزالیب یمانلیق قیلغانلار نینک

① نەققارە ـــ ناغرا؛ ② «قۇرئان كەرىم»، 91 ـ سۈرە، سۈرە شەمس؛ ③ خەۋف ۋە رەجا ـــ قورقۇنچ ۋە ئۈمىد.


...رزقی نی قیسارلار کرام الکاتبین فرشته لار بیر آدم نینک اونک سول
ایکی موره سیده بار دیب یتولوب معدبر آدم نینک قیلغانلارینی یتوب
تورارلار بینه ایتیلیب معدکه یخشی عمل قیلسه همان ساعت یتولور
یامان عمل قیلسه اوچ کونغچه توقّف قیلیب توختاب تورور توبه قیلماسه
یتورلار کرام الکاتبین دیکان اولوغ ایکی یتوکوچی بولور شو سبب
دین تمام کیچه دعا تسبیح لار بیلان مشغول بولورلار بینه بر سبب شوکه اگر
توبه قیلماساق رزقیمیز کسیلیب کیتادور دیب قورقارلار

كىرامۇل ـ كاتىبىن فەرىشتەلەر تەمام بىر يىل قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەمەل دەفتەرىنى كۆرۈرلەر. ئاڭا بىنا قىلىپ ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ رىزقىنى ئۇزالىتىپ①، يامانلىق قىلغانلارنىڭ رىزقىنى قىسارلار. كىرامۇل ـ كاتىبىن فەرىشتەلەر ھەر ئادەمنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى مۈرەسىدە بار دەپ پۈتۈلۈپدۇر. ھەر ئادەمنىڭ قىلغانلارىنى پۈتۈپ تۇرارلار. يەنە ئايتىلىپدۇركى، ياخشى ئەمەل قىلسا، ھەمان سائەت پۈتۈلۈر، يامان ئەمەل قىلسا، ئۈچ كۈنغىچە تەۋەققۇف② قىلىپ توختاپ تۇرۇپ، تەۋبە قىلماسا، پۈتۈرلەر. «كىرامۇل ـ كاتىبىن» دېگەن «ئۇلۇغ ئىككى پۈتۈگۈچى» دېگەن بولۇر. شۇبۇ سەبەبدىن تەمام كېچە دۇئا تەسبىھلار بىلەن مەشغۇل بولۇرلار. يەنە بىر سەبەب شۇكى، ئەگەر تەۋبە قىلماساق، رىزقىمىز كېسىلىپ كېتەدۇر، دەپ قورقارلار.

## مىراس ۋە مەترۇكەنىڭ③ بەيانى


میراث متروکه نینک بیانی
میراث الوچی نی وارث دیرلار میراث الینغان نی موروث دیرلار بر وقتدا
یا بر زماندا ورثه الغانلارنی میراث دیرلار ترکه دیب مال اشیالارنی دیرلار
میراث تقسیم قیلغاندا پارچه حصه عددلارنی سهم یا اوق دیرلار رقم قیلیب
هر قسمت تیکیشلیک نی سهم یا اوق دیب تقسیم قیلغاندا هر بر عدد حصه
لارنی سهم یا اوق دیب ایتورلار ترکه و میراث قرآن دا بر نیچه یرده تقسیم بیلان
ایتیلیب دور شوندغ کی آیه کریمه للذکر مثل حظ الانثیین یعنی ایرکک اوچون
ایکی تیشی نینک حصه سی شبو آیت غه بنا قیلیب الادور مثلا بر ایر خاتون
نینک بالاسی بولمای خاتونی اولسه ایری نصفنی الادور اگر خاتونی قالیب
ایری اولسه هشت و یک اوچون تورت دین بیرینی الادور اگر ایر دین و خاتون دین
بالا بولسه ایر نینک حصه سی تورت دین بیر و خاتون نینک حصه سی سکز دین بیر اگر
بیر کشی نینک تورت خاتونی بولوب ایری اولسه تورت خاتون بر هشت یک نی
برابر اولاشیب الادور وینه اولکوچی نینک وصیت قیلماقی نی واجب دیب یتولور
اولکوچی نینک قرضی بولسه آول قرضی نی چیقاریب اندین کین اولاشادور
اولکوچی نینک وصیت قیلیب و یا اوزی بولاب بر بالاسیغه میراث بیره
بر بالاسی نی میراث دین محروم قیلماقی حرام دور ولیکن شریعتکا بولاب حیله بیلن
قیلماقی معصیت دور گناه بولور وارث اهل فرض دور چونکه شریعت...

مىراس ئالغۇچىنى «ۋارىس» دەرلەر. مىراس ئالىنغاننى «مەۋرۇس»④. بىر ۋەقتدە يا بىر زەماندا ۋەرسە⑤ ئالغانلارنى «مىراس» دەرلەر. تەرەكە⑥ دەپ مال ئەشيائلارنى دەرلەر. مىراس تەقسىم قىلغاندا، پارچە ھەسسە ئەدەدلەرنى⑦ «سەھەم»⑧ ياكى «ئوق» دەرلەر. رەقەم قىلىپ ھەر قىسمەت تېگىشلىكنى سەھەم ياكى ئوق دەپ تەقسىم قىلغاندا، ھەر بىر ئەدەد ھەسسەلەرنى «سەھەم» ياكى «ئوق» دەپ ئايتۇرلار. تەرەكە ۋە مىراس «قۇرئان»دا بىر نەچچە يەردە تەقسىم بىلەن ئايتىلىپدۇر. شۇنداغكى: «ايةَ كريم للذَّكرِ مثلُ حظِّ الأُنثَيَيْنِ»⑨، يەئنى ئەركەك ئۈچۈن ئىككى تىشىنىڭ ھەسسەسى شۇبۇ ئايەتغە بەنا قىلىپ ئالادۇر. مەسەلەن، بىر ئەر ـ خاتۇننىڭ بالاسى بولماي خاتۇنى ئۆلسە، ئېرى نىسفىنى ئالادۇر. ئەگەر خاتۇنى قالىپ ئېرى ئۆلسە، ھەشت ۋە يەك⑩ ئۈچۈن تۆرتدىن بىرىنى ئالادۇر. ئەگەر ئەردىن ۋە خاتۇندىن بالا بولسا، ئەرنىڭ ھەسسەسى تۆرتدىن بىر ۋە خاتۇننىڭ ھەسسەسى سەككىزدىن بىر، ئەگەر

---

① ئۇزالىتىپ ــ ئۇزارتىپ؛ ② تەۋەققۇف ــ توختاش، جىم تۇرۇش، ئىككىلىنىش؛ ③ مەترۇكە ــ قالدۇرۇپ كېتىلگەن مىراس؛ ④ مەۋرۇس ــ مىراس ئېلىنغان، مىراسلىق؛ ⑤ ۋەرسە ــ مىراس؛ ⑥ تەرىكە ــ ئۆلگەن كىشى قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيا؛ ⑦ ئەدەد ــ سان؛ ⑧ سەھەم ــ ئۈلۈش؛ ⑨ «قۇرئان كەرىم»دىكى 4 ـ سۈرە «سۈرە نىسا»، 10 ـ ئايەت؛ ⑩ ھەشت ۋە يەك ــ سەككىزدىن بىر.



بىر كىشىنىڭ تۆرت خاتۇنى بولۇپ ئېرى ئۆلسە، تۆرت خاتۇن بىر ھەشتۇ يەكنى بەرابەر ئۈلەشىپ ئالادۇر. ۋە يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيەت قىلماقنى ۋاجىپ دەپ پۈتۈلۈپدۇر. ئۆلگۈچىنىڭ قەرزى بولسا ئەۋۋەل قەرزىنى چىقارىپ، ئاندىن كېيىن ئۈلەشەدۇر. ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيەت قىلىپ ۋە يا ئۆزى بۆلەپ بىر بالاسىغە مىراس يەنە بىر بالاسىنى مىراسدىن مەھرۇم قىلماقى ھەرامدۇر. ۋە لېكىن شەرىئەتكە يۆلەپ ھىيلە بىرلە قىلماقى مەئسىيەتدۇر① گۇناھ بولۇر. ۋارىس ئەھلى فەرزدۇر. چۈنكى، شەرىئەتدە ھېچ بىر قۇسۇر يوقدۇر. لېكىن، تولا مەرتەبە مىراس توغراسىدىن جەدەللەشىپ دەئۋا قىلىپ قازى - مۇفتىلار قاشىغا كېلەدۇر. ئەگەر قازىلار «فەرائىز»داكى ھۆكمنى جارى قىلسا، قەزىيە② خالاس بولۇر ئىدى. چۈنكى، «فەرائىزدا»③ ھۆكم بىردۇر، كېلەدۇرغانغا كېلەدۇر، كەلمەيدۇرغانغا كەلمەيدۇر. بۇدۇر ھۆكمى فەرائىز④. ئەمدى تولا بېرىپ يەنە بىرىگە ئاز بەرمەكى مەترۇكە ئۈلەشتۇرغانىلارنىڭ ئىمانسىز، ئەدالەتسىزلىكىدۇر. ۋە ھەم شۇنداغ بىر كىشى بىر بالاسىغا ھېچنېمە بەرمەي قالغان بالالارغا تەقسىم قىلىپ بەرمەكى ھەم ھارامدۇر. ۋە يا بىركىشى مالىنىڭ پارچەسىنى بىر ئوغلىغا ۋە يا بىر خاتۇنغا بەخشەندە قىلىپ بەرمەكى ھەم ھارامدۇر. ۋە يا بىر كىشى بىر ئوغلىغا مىراس بەرمەي، قالغان ئوغۇللارىغا مىراس بەرمەكى ھەرامدۇر. شۇبۇ سەبەبدىن جەدەل بولۇپ دەئۋالاشىپ قازى ئالدىغا بارغاندا، مىراس ئالغانىلار ئەلبەتتە قازى - مۇفتىلارغا پارە بېرىپ ئۇلارنىڭ نەفسى لەئىمنى⑤ رىشۋە⑥ بىلەن تولغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ تىللارىنى كەلالە⑦ ۋە گاچا قىلادۇر. يەنە بىرى، مىراس ئالماغان ۋە يا ئاز ئالغان رىشۋە بەرگۈچىلىكى يوق ئۈچۈن ئانىڭ سۆزى، دادى مەزكۇر بولمايدۇر. بولماسا شەرىئەتدە بىر قۇسۇر، بىر ئەيىب يوقدۇر. لېكىن، ئەيىب، قۇسۇر قىلغان رىشۋەخورلارنىڭ پارەسىدۇر. پۈتۈلۈپدۇر: «ئەدالەتنىڭ نۇرى كەم بولغانىسېرى زەلالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى تولا بولادۇر». بىر ئادەمنىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، بىرىگە مىراس بەرمەي: «بۇ ماڭا ئىتائەت قىلمادى ماڭا زىيان يەتكۈزگەن» دەپ مىراسدىن مەھرۇم قىلغالى بولمايدۇر. «فەرائىز»دا: «يەتمەيدۇر» دەپ پۈتۈلمەپدۇر. ئۇل ھەم باشقالار بىرلە بەرابەر تېگىشلىك مىراسنى ئالادۇر. مىراسدا ئانىڭ سىينەسىدىن ئاتىپ⑧ چىقارغالى بولمايدۇر. چۈنكى، ئۇل ئەھلى فەرزدۇر. ۋە يا مىراس يەتمەيدۇرغان بىر كىشىگە مىراس بېرىپ مىراسغا داخىل قىلغالى بولمايدۇر.

① مەئسىيەت — گۇناھ بولۇر؛ ② قەزىيە خالاس بولۇر — مەسىلە تۈگىگەن بولۇر؛ ③ فەرائىز — مىراس تەقسىمى توغرىسىدىكى ئىلىم؛ ④ ھۆكمۇ فەرائىز — مىراس تەقسىمى بويىچە چىقىرىلغان ھۆكۈم؛ ⑤ نەفسى لەئىم — تويماس قارىن، نەپسى بالا؛ ⑥ رىشۋە — پارا؛ ⑦ كەلالە — كېكەچ، گاچا؛ ⑧ سىينەسىدىن ئاتىپ — مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ.

## قۇربان ھېيتنىڭ بايانى

يەشمىسى:

قەدىمكى زاماندىن، يەنى ھەزرىتى ئەبۇلبەشەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ (قۇربان ھېيت) بار ئىكەن. قۇربان ھېيتنىڭ قەدىمىيلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى قۇربانلىق ئۈستىدە باھانە قىلىپ، بىرى ئۆلتۈرۈلگەن. قۇربانلىق دېگەن مەخلۇقنىڭ ئىبادەت شەكلىدە قادىرى مۇتلەققە قىلىغان ھەدىيەسى ئىكەن. قۇربانلىق ئەڭ بۇرۇن بەنى ئادەم ئارىسىدا مەشھۇر بولغان بىر خىل قائىدە - يوسۇندۇر. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر قۇربانلىق قىلىپ دۇئا قىلىپ ياناتتىكەن. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ھېيت قىلىپ قۇربانلىق قىلىشى ئىسلام ئەھلىنىڭ ھەجنى ئۇلۇغلىشى ۋە ھۆرمەتلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلار ئېھرامدىن چىقىپ ئاندىن قۇربانلىق قىلىپ ھېيت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «قۇربان ھېيت» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئالتە شەھەردە قۇربان ھېيت قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى: قۇربان ھېيت كەلسە، قۇدرىتى بار كىشى، يەنى قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتكەن كىشى قۇربانلىق ئۈچۈن ئەيىبسىز بىر قوچقار ئۆلتۈرۈپ، قۇربانلىق قىلىپ گۆشىنى پىشۇرۇپ شورپا قىلىپ ۋە ياكى پولۇ ئېتىپ يەيدۇ. ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ «ھېيت - ئايەملىرىگە»، يەنى «ئۇلۇغ كۈنلىرىگە مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ تەييار بولغاننى يېيىشىپ يۈرىدۇ. ئۈچ كۈنگىچە ھېيت قىلىدۇ.

ھىندىستان، كەشمىردىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن كۆچى يەتكەنلىرى، يەنى بايلىرى ھەربىر كىشى بىر قوچقار قۇربانلىق قىلىدۇ، بولمىسا ھېچقانداق ئەيىبى يوق بىر قوچقارنى ئۆيدىكىلىرىگە ئاتاپ بوغۇزلاپ قولۇم - قوشنىلىرىغا خام گۆشىدىن يېرىمىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، يېرىمىنى ئۆزى يەيدۇ. بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، «سىزگە ھاجىلارنىڭ ۋە غازىلارنىڭ ساۋابى بولسۇن» دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

## روزا ھېيتنىڭ بايانى

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئەتىسى ئېغىز ئاچىمىز، دەپ يەيدۇ. بەزىلەر ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىدۇ. بەزىلەر يەپ - ئىچىپ بولۇپ نامازغا بارىدۇ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىشىپ نامازغا بارىدۇ. نامازدىن قايتىپ مەقبەرە - مازارلارغا بېرىپ دۇئا قىلىپ، ئۆي - ئۆيلەرگە بېرىپ فاتىھە ئوقۇپ تولۇق ئۈچ كۈن ھېيت قىلىدۇ. باي ۋە پۇلدارلار ئون ۋە ئون بەش كۈنگىچە يىراق - يېقىندىكىلەرنى ھېيتلايدۇ. بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، «ھېيت - ئايەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ قول تۇتۇشىدۇ. ئەر - ئاياللار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھېيتلىشىدۇ. قاتتىق خۇشال بولۇپ ئۈچ كۈنگىچە ھېچ ئىش قىلمايدۇ. پۈتۈن ئاۋام ناغرا - سۇناي، ئۇسسۇل - مەشرەپ، ئويۇن - كۈلكە بىلەن ھېيت تەنتەنىسى قىلىدۇ. كىچىك باللار ياڭاق ئوينايدۇ، تەپكۈچ تېپىدۇ، قىمارۋازلار قىمار ئوينايدۇ.

## بارائەتنىڭ بايانى

بىر ئايدۇر، ئۇنى شەئبانمۇ دەپ ئاتايدۇ. مەزكۇر ئاينىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى ئىسلام ئەھلى ئارىسىدا ئەزىز بىر ھۆرمەتلىك كېچىدۇر. شۇ كېچىدە كىشىلەرنىڭ قىلمىدىغان ئەمەللىرى ئاساسلىقى نەپلى

ناماز ئوقۇش، گۇناھلىرىغا توۋا ئېيتىش، مازار - قەبرىستانلارغا بېرىپ شام نوكچە قاداش، قويماق نانىنى قەبرىستانغا ئېلىپ بېرىپ، «قۇرئان»نىڭ سۈرىلىرىدىن ئوقۇتۇپ، قويماق نانىنى ئوقۇغان كىشىگە بېرىش، ھەممە كىشىلەر ئۆز ئارا ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئۆلۈك ئۈچۈن «قۇرئان»دىن ئايەتلەر ئوقۇپ مەغپىرەت تىلەش، ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كېلىپمۇ ھەربىر ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ ئىسمىگە ئاتاپ شام يېقىش ياكى زىغىر يېغىدا ياغاچلارغا پاختا يۆگەش، زىغىر ياغقا چىلاپ نوكچا قىلىپ قاداش، تاڭ ئاتقۇچە نەپلى ناماز ۋە «قۇرئان» ئوقۇش، تاڭ يورۇغىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشتۇر. كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ ۋە بىر ياغلىق قاپاق تېپىپ، ئۇنى بىر خادا ئۈستىگە ئېسىپ ئوت يېقىپ «قۇرئان»دىن بىر سۈرە «ۋەششەمسى» ئايىتىنى ئوقۇپ، شاۋقۇن سېلىپ يۈرىشىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر نەغمە - ناۋا قىلىشىدۇ، ياشلار چېلىشىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر شۇ كېچە گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشى ئۈچۈن يىغلاپ ئۆلۈك ۋە تىرىكلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئۇخلىمايدۇ ۋە يەنە شۇ كېچىدە دوزاخنىڭ قورقۇنچلۇقى ۋە جەننەتنىڭ ئۈمىدى ئۈيقۇدىن غالىب مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىگە چۈشىدۇ. چۈنكى، بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە كىرامۇل - كاتىبىن دېگەن پەرىشتە پۈتۈن بىر يىل قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئەمەل دەپتىرىدىن كۆرىدۇ. ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ رىزقىنى ئۇزارتىپ، يامانلىق قىلغانلارنىڭ رىزقىنى قىسقارتىدۇ. كىرامۇل - كاتىبىن دېگەن پەرىشتىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى مۈرىسىدە بار، دەپ پۈتۈلۈپتۇر. ھەر ئادەمنىڭ قىلغانلىرىنى پۈتۈپ تۇرىدۇ. يەنە شۇنداق ئېيتىلىپتۇكى، ياخشى ئەمەل قىلسا، ھەر سائەتتە خاتىرىلىنەر، يامان ئەمەل قىلسا، ئۈچ كۈنگىچە توختاپ تۇرۇپ توۋا قىلمىسا، ئاندىن كېيىن خاتىرىلىنەر. «كىرامۇل - كاتىبىن» دېگەن «ئۇلۇغ ئىككى پۈتۈكچى» دېگەنلىكتۇر. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن كېچە دۇئا - تەسبىھلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئەگەر توۋا قىلمىساق، رىزقىمىز كېسىلىپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇشىدۇ.

## مىراس ۋە مىراس قالغان مال - مۈلۈكنىڭ بايانى

مىراس ئالغۇچىنى «ۋارىس» دەيدۇ. مىراس ئالغاننى «مەۋرۇس» (مىراسلىق ياكى مىراس) دەيدۇ. بىر ۋاقىتلاردا ياكى بىر زامانلاردا مىراس ئالغانلارنى «مىراس» دەيتتى. «تەرەكە» دەپ ئۆلگەنلەردىن قالغان مال - دۇنيانى دەيدۇ. مىراس تەقسىم قىلغاندا، پارچە ھەسسە سانلارنى «سەھم» (ئۈلۈش) ياكى «ئوق» دەيدۇ. سان بىلەن تەگكەن تېگىشلىكنى «سەھم» (ئۈلۈش) ياكى «ئوق» دەپ، تەقسىم قىلغاندىكى ھەر بىر ئۈلۈشنى «سەھم» ياكى «ئوق» دەپ ئاتايدۇ. مىراس ۋە تەرەكە ھەققىدە «قۇرئان»دا بىر نەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى شۇنداق بىر ئايەتكە، يەنى «لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الأُنْثَيَيْنِ» (بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ) دېگەن ئايەت بويىچە ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئالىدۇ. مەسىلەن، بالىسى يوق ئەر - خوتۇندىن خوتۇن ئاۋۋال ئۆلسە، ئېرى يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر خوتۇنى قېلىپ ئېرى ئۆلسە، سەككىزدىن بىر ئۈچۈن تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئەردىن ۋە خوتۇندىن بالا بولسا، ئەرنىڭ ھەسسىسى تۆتتىن بىر ۋە خوتۇننىڭ ھەسسىسى سەككىزدىن بىر، ئەگەر بىر كىشىنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ ئېرى ئۆلسە، تۆت خوتۇن سەككىزدىن بىر نىسبەت بويىچە باراۋەر ئۈلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيەت قىلمىقىنى ۋاجىپ دەپ پۈتۈلۈپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ قەرزى بولسا ئاۋۋال قەرزىنى قايتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئۈلىشىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيەت قىلىپ ۋە ياكى ئۆزى خاھىشچە بىر بالىسىغا مىراسنى تەقسىم قىلىپ يەنە بىر بالىسىدىن مىراسنى مەھرۇم قىلمىقى ھارامدۇر ھەمدە شەرىئەتكە تايىنىپ ھىيلە - مىكىر

بىلەن مىراس تەقسىم قىلمىقى ئېغىر گۇناھتۇر. ۋارىس ئەھلى پەرزدۇر. چۈنكى، شەرىئەتتە ھېچبىر قۇسۇر يوقتۇر. لېكىن، مىراس توغرۇلۇق جېدەللىشىپ، دەۋا قىلىپ قازى - مۇپتىلارنىڭ ئالدىغا باردىغانلار كۆپ. ئەگەر قازىلار «فەرائىز»دىكى ھۆكۈمنى جارى قىلسا، مەسىلە تۈگىگەن بولىدۇ. چۈنكى، «فەرائىز»دا ھۆكۈم بىردۇر، كېلىدىغانغا كېلىدۇ، كەلمەيدىغانغا كەلمەيدۇ. مانا بۇ «فەرائىز»نىڭ ھۆكۈمىدۇر. مىراسنى بەزىلىرىگە كۆپ ئۈلەشتۈرۈپ، بەزىلىرىگە ئاز ئۈلەشتۈرۈش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بىر كىشى بىر بالىسىغا ھېچ نەرسە بەرمەي، قالغان بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى ھارامدۇر؛ بىر كىشى مېلىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئوغلىغا ۋە ياكى بىر خوتۇنىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىشىمۇ ھارامدۇر؛ بىر كىشى بىر ئوغلىغا مىراس بەرمەي قالغان ئوغۇللىرىغا مىراس بەرمىكىمۇ ھارامدۇر. شۇ سەۋەبتىن جېدەل قىلىپ داۋالىشىپ قازى ئالدىغا بارغاندا، مىراس ئالغانلار ئەلۋەتتە قازى - مۇپتىلارغا پارا بېرىپ ئۇلارنىڭ تويماس قورسىقىنى پارا بىلەن بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى كېكەچ ۋە گاچا قىلىدۇ. يەنە بىرى، مىراس ئالمىغان ۋە ياكى ئاز ئالغىنى پارا بېرەلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ. شەرىئەتتە ھېچقانداق قۇسۇر ۋە ئەيىب يوقتۇر. لېكىن، «ئەيىب - قۇسۇر يەتكۈزىدىغىنى پارىخورلارنىڭ پارىسىدۇر» دەپ پۈتۈلۈپتۇر. ئادالەتنىڭ نۇرى كەم بولغانسېرى زەلالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى كۆپ بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ بىرىگە مىراس بەرمەي: «بۇ ماڭا ئىتائەت قىلمىدى، ماڭا زىيان يەتكۈزگەن» دەپ مىراستىن مەھرۇم قىلسا بولمايدۇ. «فەرائىز»دا: «يەتمەيدۇ» دەپ پۈتۈلمەپتۇ. ئۇمۇ باشقىلار بىلەن بىللە باراۋەر تېگىشلىك مىراسنى ئالىدۇ. مىراستا ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ پەرز ئەھلىدۇر، مىراس تەگمەيدىغان كىشىگە مىراس بېرىپ مىراسقا داخىل قىلغىلى بولمايدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇن ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)



تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

# نەۋايى لىرىكىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەدىئىي ئوبرازلار ۋە تەبىئەت

گۈل ئەدەبىياتتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭگى، گۈزەللىكى، سانى(تاق ـ جۈپلىكى)، خۇشپۇراق ھىدى ۋە شىپالىق رولى قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتى، سەنئىتى، فولكلورىستىك ئادەتلىرى، شۇنداقلا مىللىي تېبابەتتە ئەدەبىي ئوبرازلىق ۋە قىممەتلىك ئۈسۈملۈكلىك رول ئويناپ كەلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا گۈلنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىك يارىتىش جەھەتتىكى رولىنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچقانداق شەيئى باسالمايدۇ، دېسەكمۇ ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز.

بۇنىڭدىن 2300 يىل ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلاردا گۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئورگاننىڭ دورىلارنى ياساپ، كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېببىي ئىلىم بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ پېشۋاسى غازىباي (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 450 — 330) تېببىي ئەسىرىدە گۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق روللىرى ھەققىدە توختالغان[1].

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، سان جەھەتتىن كۆپ، تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن باي ۋە رەڭگارەڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر شېئىرلىرى ۋە داستانلىرىدا «يار»نىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشتە، پاك مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى خىلمۇخىل پسىخىكىلىق روھىي ھالەتلىرىنى سۈرەتلەشتە، قىسقىسى تۇرلۇك ئىجتىمائىي پىكىرلەرنى يۇقىرى بەدىئىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىپ ئىپادىلەشتە رەڭگارەڭ گۈل ئوبرازىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

نەۋايىنىڭ دىۋانلىرىدا گۈل قاتارلىق خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەتتا بىز «خەزايىنۇل ـ مەئانىي»دىكى «مۇۋاپىق كەيدىلەر بولمىش مەگەر نەۋرۇز ئىلە بايرام»[2] مىسراسى بىلەن

① ئابدۇرېھىم قادىر: «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 15 ـ بەت.

② ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇل ـ كىبەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 591 ـ بەت.

باشلانغان غەزەلدەك، باشتىن ـ ئاخىر بىر نەچچە خىل گۈل تەسۋىرلەنگەن كۆپلىگەن بېيىتلارنى ئۇچرىتىمىز. بىراق، بىزنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز نەۋايىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېببىي ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىدىكى داۋالاشنىڭ ئۇسۇل ـ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئۆز ئىجادىيىتىدە گۈل ۋە گۈلسىمان ئۆسۈملۈكلەردىن ئەدەبىي ئوبراز ياكى سىموۋۇللۇق ۋاسىتە سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقى ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارنىڭ دورىلىق قىممىتى ۋە داۋالاش جەھەتتىكى شىپالىق رولىدىن پايدىلىنىپ شېئىرلىرىدىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي، غايىۋى پىكرىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەنلىكىدۇر.

نەۋايى شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن خۇشپۇراق ماددا ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئىپار، گۇلاب(گۈل سۈيى)، نەرگىس، نىلۇپەر، سەۋسەن، رەيھان، لالە قاتارلىق پۇراقلىق ماددا ۋە گۈللەر، شۇنداقلا سەرۋ، ئەر ـ ئەر، چىنار، شەمشاد ۋە سۆگەتگۈلگە ئوخشاش چىرايلىق كۆرۈنىشتىكى مەنزىرىلىك دەرەخلەر ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ئەي ئارەزى نەسرىن ساچى سۈنبۇل قەدى شەمشاد
بۇلبۇل كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالەۋۇ فەرياد[1]

(ئەي نەسرىن يۈز، سۈمبۇل چاچ، شەمشاد بوي، مېنىڭ ئىشىم جۇدالىقىڭدا بۇلبۇلدەك نالە قىلىش بولۇپ قالدى.)

دېگەن بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا شائىرنىڭ قايسى گۈل ۋە خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنى شېئىرىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

ئۇلۇغ تېبابەت ئالىمى ئىبنى سىنا «تېبابەت قانۇنى» ناملىق ئەسىرىدە گۇلاب، يەنى گۈل سۈيىنىڭ تەييارلىنىشى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن[2]. نەۋايى ئۇزاق ۋاقىت يارنىڭ دەرد ـ پىراقىدا «ئۆزى بىر يان، كۆزى گىريان»بولغان ئاشىقنىڭ بىچارە ھالىتىنى لىرىك قەھرىماننىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئاقمادى خۇي ئۇزارىدىن لەئلىغە كىم ھەكىمى سۇنئ‍
ئەزدى ھەيات شەربەتىن ئەمدى ئۇرار گۇلاب ئاڭا[3]

(مەشۇقىنىڭ يۈزىدىكى تەر لەۋلىرىگە تامىمغاچقا، ئاشىق ھوشسىزلاندى، تەقدىر تېۋىپى ھاياتلىق شەربىتىنى ئەزدى. ئەمدى ئۇنىڭغا گۈل سۈيىنى چاچىدۇ.)

بېيىتنىڭ مەزمۇنىچە، ئاشىقنىڭ داۋاسى مەشۇق ئىدى، لېكىن مەشۇققا ئېرىشەلمىگەن ئاشىقنىڭ تېنى ئاجىزلاپ ۋە قىزىتمىسى ئۆرلەپ، مەنىۋى جەھەتتىكى سەۋدالىقى جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىككە ئايلانغان. نەۋايى بۇ يەردە مۇھەببەت ئىشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئاشىققا ھېسداشلىق قىلىدۇ. شائىر يەنە سوپىزملىق روھتىكى داستانى «قۇش تىلى»دا سېھىرگەر ئايالنىڭ سۈيىقەستى ئارقىلىق ھوشىنى يوقاتقان بىر يىگىتكە گۈل سۈيى چېچىپ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن مېڭىسىگە خۇشپۇراق تارقىتىش ئارقىلىق ساقايتقانلىق ھەققىدىكى مەنىلىك بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ بايان قىلغان[4].

---

① ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 126 ـ بەت.
② ئىبنى سىنا: «تېبابەت قانۇنى»(3)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 421 ـ بەت.
③ ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 13 ـ بەت.
④ ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير» (ئابدۇرېھىم توختى نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، ئومۇمىي 9 ـ سان، 49 ـ بەت.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، نەۋايى غەزەللىرىدە تىلغا ئېلىنغان «گۇلاب» نوقۇل گۈل سۈيى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىزىلگۈلدىن تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك ئىدى.

نەۋايىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىدە كۆپ تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر سىمۋوللۇق ئوبراز بادە (ئېچىتىپ تىندۇرۇلغان ئۈزۈم شەربىتى)، يەنى مەي بولۇپ، بۇلار گۈل ۋە ئۈزۈم شىرنىسىدىن تەييارلانغان ئىسپىرتسىز ساپ ئىچىملىكتۇر. بۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا بىر رىۋايەت تارقالغان:

ھىرات پادىشاھى شامىرانىنىڭ ئوغلى بادام ھۇماقۇشنىڭ بويىنىغا يۆگىشىپ ئۇنى چاقماقچى بولۇپ تۇرغان يىلاننى ئوقيا بىلەن ئېتىپ، قۇشنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، پادىشاھ باغ سەيلىسى قىلىۋاتسا، ھۇماقۇش بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇقىنى چىشلىگىنىچە كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شامىران بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئۇرۇقنى باغۋەنگە بېرىپتۇ. باغۋەن ئۇرۇقنى تېرىپتۇ. ئۇرۇقتىن ئۈزۈم تېلى ئۈسۈپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ئۈزۈم تېلى مېۋىلەپتۇ. بۇنداق مېۋىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىكەن. مېۋىنى قانداق يېيىشنى بىلمىگەن ۋەزىرلەر ئاخىرى بۇنىڭ پايدىسى شەربىتىدە بولسا كېرەك، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ ھەمدە خۇم كەلتۈرۈپ، ھەممە مېۋىنى خومغا سېپتۇ. ئۇلار مېۋە سۈيىنىڭ قايىنىغانلىقىنى، ئاندىن تىنىپ سۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ بۇ سۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلاردىن بىرىگە ئىچكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. مەھبۇس كەلتۈرۈلۈپتۇ. مەھبۇس مېۋە سۈيىنى خېلى كۆپ ئىچىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ خۇدىنى يوقىتىپتۇ ھەمدە ئەتراپتىكىلەردىن قىلچە تەپ تارتماي خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ، بىر چاغدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى مەھبۇس شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. شاھ ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈن نېمە ئىچكەنلىكىنى ۋە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەھبۇس بېشىنى تاتىلىغىنىچە: «نېمە ئىچكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ناھايىتى ياخشى ئىچىملىككەن. بۈگۈن يەنە شۇ ئىچىملىكتىن ئۈچ كاسا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى؟ تەمى ئاچچىقراق ئىكەن، بىرىنچى قەدەھنى قىيىنلىقراق ئىچتىم. ئىككىنچى قاچىنى ئىچكەندە، دىلىمدا شاد ـ خوراملىق قوزغالدى، كۆزلىرىمدىن شەرمى ھايانىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلدى، بارلىق ئەندىشە ـ قورقۇنچلارنى ئۇنتۇپ ئۈزۈمنى ئاجايىپ ئەركىن، پادىشاھتەك ھېس قىلدىم. ئۈچىنچىسىنى ئىچكەندە بولسا ئۆگدەپ، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن». بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپتۇ. پادىشاھ مەھبۇسقا بېرىلگەن جازانى بىكار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپلار بۇ مېۋىنىڭ سۈيىنى ئىنساندىكى تۆرلۈك مىزاجلارنى تەڭشەيدىغان ئەڭ ياخشى ئىچىملىك ئىكەن، دەپ باھالىشىپتۇ ھەمدە ئۇنى بىرقىسىم جىسمانىي ۋە روھىي خەستىلەرگە بۇيرۇپتۇ. شاھ شامىران ۋە باشقا ھىرات پادىشاھلىرىنىڭ بەزمە قۇرۇپ شاراب ئىچىشمۇ شۇنىڭدىن باشلىنىپتۇ. ئۈزۈم ھىراتتىن پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ...

نەۋايى ئەسەرلىرىدە بادە ـ شارابنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مەستخوشلۇق ھالەتتە «يار بىلەن بىر تەن ۋە بىر جانغا ئايلىنىپ كېتىش»تەك غايىۋانە تىلەكلىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارغانچە جاھالەتكە پېتىپ كېتىۋاتقان جەمئىيەت رېئاللىقىدىن بىزار بولۇش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ھايات پەيزىنى غەنىيمەت بىلىشتەك ئىلغار روھنى نامايەن قىلغان.

سۇپسۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرغان يېشىلزارلىقلار ياكى رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۇلزارلىقلاردا گۈل سەيلىسى قىلدۇرۇپ، يېڭى ھاۋادىن ئەركىن نەپەسلەندۈرۈش بۈگۈنكى دەۋردىلا ئەمەس، تۈركىي خەلقلەردە

ئوتتۇرا ئەسىردىلا بار بولغان روھىي جەھەتتىكى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن ئىدى. بۇنىڭدا پېشانە قىزىپ، باش ئاغرىغان چاغدا، ھېكىملەر بىمارغا خۇش پۇراق گۈللەرنى ھىدلىتىش ياكى ئۇنىڭ يېغىنى بۇرۇنغا قۇيۇش ئارقىلىق بىمارنى داۋالىغان. ۋابا ياكى قارا كېزىك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەردىن يۇقۇملانغانلارغا ئىپار، زەپەر قاتارلىق خۇش پۇراق ماددىلارنى پۇرىتىشتەك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان. نەۋايى غەزەللىرىدە گۈل ھىدلىتىشتەك سەنئەتلىك مەنزىرە ئارقىلىق بىمارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ داۋالاشقا ئىشارە قىلغان ھالدا ئىشقىي مەزمۇننى ئىپادىلىگەن مىسرالار ئاز ئەمەس.

كۆرگەچ ئول ئارەزنى يىغلارمەن توشۇپ مەغزىمغە جوش
ئۆيلەكىم گۈلدىن ياشارغاي كۆز قىزىق بولغاچ دىماغ[1]

(مېڭىسى قىزىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى گۈلنى كۆرسە ياشارغىنىدەك، ئۇ يۈزنى كۆرۈش بىلەنلا نېرۋام قايىنىغان ھالدا يىغلايمەن.)

بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئوتتۇرا ئەسىردىلا بىمار ـ ئاغرىقلارنى مەنىۋىي جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇللىنىڭ بارلىقىنى، نەۋايىنىڭ شېئىرى ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بىلەن ئەقلىيلىكنىڭ يۇكسەك مەنتىقى بىرلىكىگە ئېتىبار قاراتقانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە «گۈلقەنت» دېگەن دورا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ دورا قىزىلگۈلنىڭ تاجى، بەرگى، غولى ۋە يىلتىزلىرىنى يۇيۇپ ۋە ئۇششاقلاپ، ئۇنىڭغا شېكەر ياكى ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن قۇتىلارغا قاچىلاپ 40 كۈن ئەتراپىدا ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلىنىدۇ. «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» ناملىق كىتابتا گۈلقەنتنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «مېڭىنى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، سېسىق گازلارنىڭ مېڭىگە كىرىشىنى توسىدۇ، بەدەندىكى ئۇششاق تاشلارنى ئېزىش، سۈيدۈكنى ماڭغۇزۇش ۋە قەۋزىيەتنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتى بار. ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ شېكەردە تەييارلانغىنى سەۋدالىقنىڭ باشلىنىشىدا ئىستېمال قىلىنسا، سەۋدالىققا شىپا بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مەجۇنى ئۇستىقۇددۇس بىلەن قوشۇپ يېسە، كونا كۆز ئاغرىقى ۋە باش قېيىپ كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ...».[2] نەۋايى يۇقىرىقىدەك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا لىرىك قەھرىمان ئاغرىقىنىڭ ئاشىقلىق ۋە ئىنتىزارلىق دەردىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، گۈلقەنتنىڭ ئۇنىڭغا شىپا بولالمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىدۇ:

يۈزۈ لەئلى ھەجرىدىن بىمار ئۆلۈپمەن ئەي ھەكىم
ئۆمر زايىئ قىلما قىلماس چۈنكى گۈلقەندىڭ ئىلاج[3]

(ئەي تېۋىپ، يارنىڭ يۈزى ۋە قىزىل لەۋلىرىدىن ئايرىلغانلىقتىن كېسەل بولدۇم، بۇنىڭغا سېنىڭ گۈلقەنتىڭ كار قىلمايدۇ، ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما.)

① ئەلشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش ـ شەباب»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 382 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 201 ـ، 393 ـ بەتلەر.
③ ئەلشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 23 ـ، 99 ـ، 559 ـ بەتلەر.

يۈزى بىرلە لەبىنى كۆرسە قىلۇر كۆڭلۈم زەئىف
گەر كۆڭۈل قۇۋۋەتىنىڭ مۇجىبى گۈلقەند ئولمىش[①]

(گەرچە گۈلقەندتىن كۆڭۈل قۇۋۋەت تاپسىمۇ، ئەمما يارنىڭ يۈزى بىلەن لېۋىنى كۆرسەم كۆڭلۈم كېسەل بولىدۇ.)

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىشقىي مەنا گۈلقەندتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە بىمارلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ئۈچۈن مۇھىم ئىلاج سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

قەدىمكى كىشىلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا تۇمارغا ئېتىقاد قىلىش ۋە كۆز تېگىش قاتارلىق يامان روھلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئادەتنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمچە، تۇمارغا ئادەتتە بۆرە ئوشۇقى (بۇ بۆرە توتېم ئېتىقادىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن)، ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىنى قەستتىن ساقلاش، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە بەختى ھەققىدىكى ئىستەكنامىلەر ۋە دۇئا يېزىلغان قەغەزلەر سېلىنىپ بويۇنغا ئېسىلىدۇ. تۇمار كۆپىنچە زەپەر سۈيىگە چىلانغان خۇش پۇراق قىزىل رەڭدە يېزىلغان. نەتىجىدە تۇماردىن تارقالغان خۇش ھىد تۇمار ئاسقۇچىنىڭ روھىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇرغۇتقان. بۇ تۇمار ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ خاسىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان:

كىم جۇنۇنغە يازار تەئۋىز ئەڭگۇ ئەشكۇ يۈزى
گەر كېرەك شەنگەرف بىرلە زەئفەران تۇماردا[②]

(گەرچە تۇمارغا قىزىل رەڭ ۋە زەپەر كېرەك بولسىمۇ، مەجنۇنلۇقتا قانلىق ياش ۋە سېرىق يۈزنىڭ ئۆزى تۇمار يازىدۇ.)

نەۋايى يۇقىرىقى مىسرالاردا زاماننىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە زۇلۇم - ستەملىرىگە بولغان نارازىلىقىنى «تۇمار»نىڭ ۋاستىسىدە يۈكسەك بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىگەن.

زەپەر (خەنزۇچىسى: 牛膝草) دېيىلىدىغان خۇشپۇراق دورا ئادەتتە شۇ ناملىق ئۆسۈملۈكتىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە زەپەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ھەققىدە: «تۇتىتىپ قۇلاقنى ياقسا، قۇلاقتىكى يەللەرنى ھەيدەيدۇ؛ سىركە بىلەن قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ؛ ھەسەل ۋە ئەنجۈر بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ئىچسە، ئۆپكە ۋە تالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، كونا يۆتەل، كاناي ياللۇغى ۋە نەپەس سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ چاي دەملەپ ئىچسە، ھۆسن - جامالنى گۈزەللەشتۈرىدۇ؛ شاراب بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، زەھەرلىك جانىۋارلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ...»[③] دەپ يېزىلغان. بىراق، باشقا جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرى قوللانمىلىرىدا زەپەر چىقىدىغان بۇ ھاۋارەڭ خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ خەنزۇچىسى: «神香草» دې-

① ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇش - شەباب»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 330 - بەت.
② ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل - ۋەسەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 559 - بەت.
③ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى، 201 -، 393 - بەتلەر.

يىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن دورا تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئاساسەن ئوخشاش كۆرسىتىلگەن①. ئۇيغۇر تېبابىتىدە بۇرۇندىن قوللىنىلىۋاتقان بۇ دورا بۈگۈنكى كۈندە «زەپەر چاي» نامى بىلەن ئائىلە، چايخانا ۋە رېستورانلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشماقتا. نەۋايىنىڭ «خەزائىنۇل ـ مەئانىي»دىكى بىر غەزىلىدە:

سارىغ يۈزۈمدىن ئەل يىغلار مەگەركىم ئۆلمەكىم يەتتى
كى مۇنداق خاسىيەت بەر ئەكس بولدى زەئفەرانىمغا②

(سارغايغان يۈزۈمنى كۆرۈپ كىشىلەر ئۆلىدىغان ۋاقتىم كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يىغلايدۇ. زەپىران يۈزۈمنىڭ خاسىيىتى زەپەردىكى خۇسۇسىيەتنىڭ ئەكسىچە بولدى.)
دېيىلگەن. مەزكۇر بېيىتتا شائىر زەپەرنىڭ شىپالىق رولىنى چۈشەنگەن ئاساستا، ئۆز بەدىنىدە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ئېھتىياج سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئاچچىق رېئاللىقنى تەن ئالغۇسى كەلمەي، زەپەرنىڭ رەڭگى (ھاۋارەڭ)نىڭ شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى بولغان «مەن»نىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما ئوخشىتىش شەكلىدە ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا سارغايغان يۈزنىڭ خاسىيىتىنى زەپەرنىڭ شىپالىق خاسىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بىز بۇ مىسرالاردىن نەۋايىنىڭ كاج پەلەك ۋە تەڭسىز زامان دەرد ـ ئەلەملىرى سەۋەبىدىن نالە قىلغان روھىي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

نەۋايى غەزەللىرىدە شىپالىق رولى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ يېقىملىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر دورىلىق ئۆسۈملۈك سۈمبۈلدۇر. شەرق شېئىرىيىتىدە يارنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان قارا چېچى كۆپ ھاللاردا سۈمبۈلدىن ئىبارەت بۇ خۇش پۇراق ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىلىدۇ. سۈمبۈل چىرمىشىپ ئۆسىدىغان، خۇش بۇي، قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك. نەۋايى غەزەللىرىدە لىرىك قەھرىمانىنىڭ «يار»نىڭ بۇدۇر ۋە ھالقا ـ ھالقا چاچلىرىنىڭ زەنجىرىگە بەندىلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار بار. قەدىمكى شەرق تېبابىتىدە سۈمبۈل روھىي كېسەللىكلەر ئۈچۈن شىپالىق دورا سۈپىتىدە كەڭ ئىستېمال قىلىنغان.

نەۋايى ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە سۈمبۈل ئۈستىدىن مەيىن شامال ئىسىپ نىگارىمنىڭ بۇدۇر ـ بۇدۇر قارا چاچلىرىنى ئەسلەتتى. ئەگەر مەندە تېۋىپ ئېيتقاندەك سەۋدالىق بولغان بولسا شۇ خۇشھىد بىلەن ساقىيىپ كېتەتتىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى، دەپ يازغان بولسا، باشقا بىر غەزىلىنىڭ:

ئاچتى سەۋدا دەفئىغە سۇنبۇل مۇسەلسەل تۇررەسىن
ئاھكىم بوينۇمدا زەنجىرى جۇنۇن مۇھكەم ھەنۇز④

(سەۋدايىلىقىمنى داۋالاش ئۈچۈن، ئۇ ھالقا ـ ھالقا سۈمبۈل چاچلىرىنى ئاچتى، ئاھ، يەنىلا بوينۇم مەجنۇنلۇق زەنجىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ تۇرماقتا.)

① «شىنجاڭ جۇڭيى ـ ئۆسۈملۈكلىرى دورىلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 94 ـ بەت.
② ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 23 ـ بەت.
④ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس ـ سىغەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 221 ـ بەت.

دېگەن بېيىتىدا ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە مۇراد - مەقسەتلىرىنى سۇمبۇلدىن ئىبارەت شىپالىق ئۆسۈملۈكنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

قىسقىسى، ئەلىشىر نەۋايى لىرىكىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان «يار» — شائىرنىڭ دوستى، ھەمراھى، مۇراد - مەقسىتى. شائىر شېئىرلىرىدا ئوي - پىكرنى سىمۋوللۇق ئۇسلۇبتا ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. شائىر لىرىكىلىرىدا گۈل - گىياھ ۋە خۇش پۇراق ماددىلاردىن بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە پايدىلانغاندا، ئۇنى شائىرلارچە نوقۇل ھېسسىياتقا تايىنىپلا ئەمەس، بەلكى بىر پەيلاسوپ ياكى تېبابەت ئالىمىغا خاس ئۆتكۈر نەزەر بىلەن كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۈل قاتارلىق تۇرلۇك خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرى ۋاسىتە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شىپالىق دورا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىستېمال قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن، نەتىجىدە ئوبرازلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن شېئىرى پىكرىنىڭ ماسلىقى ۋە چوڭقۇرلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بۇنداق كۈچلۈك مەنتىقىلىق بىرلىكى شائىر لىرىكىلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق مەنا قاتلىمىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە ۋە كەڭلىككە ئىگە قىلغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



ئابلەت ئەيسا

# شېئىرىي سەنئەتلەردىن تامچە

تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىمىز ۋە ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىمىزدا بەدىئىي سەنئەتلەردىن ئا-ساسلىقى ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئون نەچچە خىللا ئىستىلىستىكىلىق شەكىل ياكى ۋاستە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى، بەدىئىي سەنئەتلەر بەزى مەنبەلەردە 70 خىلدىن ئارتۇق دېيىلسە، بەزى مەنبەلەردە 140 خىلدىن ئاشىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بىزدە بۇ ساھەدە ھەقىقەتەن چوڭ بىر تەتقىقات بوشلۇقى بار. ئۇنىڭدىن سىرت، كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتىمۇ، ئوقۇپ چۈشىنىشتىمۇ شېئىرىي سەنئەتلەرگە ئائىت نەزەرىيەلەرنى چۈشەنمىگەندە، ئۇ ئەسەرلەرگە كىر-گىلى بولمايدۇ. كىلاسسىك شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى يوقاتقىنى يوق. كىلاسسىك شېئىرىيەت-تە قوللىنىلغان بەدىئىي سەنئەتلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا بىزنىڭ زىممىمىزدىكى بۇرچ. مەزكۇر ماقالىدە كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە كۆپ قوللىنىلغان، ئەمما بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتقان ئەمىر، ئىھام، كىتابەت، تىمسال ۋە ماقال ـ تەم-سىل كەلتۈرۈش قاتارلىق بىرقانچە بەدىئىي سەنئەت تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئەمىر سەنئىتى: بىر ئىشنىڭ ھوقۇقىنى ئىستەش ئەمىر سەنئىتى بولىدۇ. بۇ خىل سەنئەت پېئىللار-نىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىنى قوللىنىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.[①] بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئاسىغ كۆرۈنۈر ئەرسە ئىسىزلىك بۇ كۈن
يارىن ياس قىلۇر ئاندا ئۇقغىل ئۆگۈن[②]

ــ يۈسۈف خاس ھاجىپ

① M.Kaya.Bilgegil: «Edebiyat Bilgi ve Teorileri el Kitabı _ Belağet», Istanbul, 1989, S-50.
② ReŞid Rahmeti Arat Hazirlayan: «Kutadgu Bilig», Türk dil kurumu, Ankara, 1979. S-109.

(كۆرۈنسە يامانلىق بۇگۈن پايدىلىق، ئۇ تاڭنا زىياندۇر، بۇنى ئۇق ئىنىق)[1]

يۇقىرىقى بېيىتتا ئەمىر سەنئىتى ئىككىنچى مىسرادىكى «ئۇقغىل» سۆزى ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولۇپ، نەزمىي يەشمىسىدە بۇ ھال ئۆزگىرىپ كەتكەن، يەنى مەتىندىكى «-غىل» قوشۇمچىسى ئەمىر سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن قوشۇمچە بولۇپ، سىپايىرەك ئىپىتىلىدۇ، ئۆتۈنۈش مەنىسى كۈچلۈك بولىدۇ. ۋاھالەنكى، نەزمىي يەشمىسىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك يوقىتىلىپ، بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈردە ئىپلىنغان.[2] روشەنكى، بۇ سەنئەت كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق شەكىل پەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت خىل قوشۇمچە ئارقىلىقلا ھاسىل بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىنى بىلدۈرىدىغان بارلىق قوشۇمچىلار ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. بۇ يەردە بۇ قوشۇمچىنىڭ نۆۋەتتىكى تىل تەتقىقاتىمىزدا تىلغا ئېلىنمايۋاتقانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، تۆت خىل قوشۇمچە كەلتۈرۈلگەن مىساللارلا بېرىلدى. تۆۋەندە يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن بەش يۈز يىل كېيىن ياشىغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

قامەتىڭ ياڭلىغ ئۇزۇن ياش تاپقىل
ئۇمرۇ ھۇسنىڭ كەبى دىلكەش تاپقىل[2]

— بابۇر

يۇقىرىقى بېيىتتا شائىر زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆزىنىڭ ھايات قىسمەتلىرىدىن يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىنى ئوخشىتىش سەنئىتى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە ئەمىر سەنئىتىنىڭ ياردىمىدە شېئىرىي پىكرىنى تېخىمۇ قەتئىي بىر تۇستە ئوتتۇرىغا قويغان. روشەنكى، بۇ خىل كەسكىنلىك پېئىلنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىدە تۈرلەنگەن «تاپقىل»[3] سۆزىنى رادىف ئورنىدا قوللىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھەممىمىزگە يادا بولۇپ كەتكەن، بابۇردىن تۆت يۈز يىل كېيىن ياشىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئايرىلمىغىل» ناملىق شېئىرىمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھەممىتىڭدىن غەيرىتىڭدىن ئۆل، لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر، قايرىلمىغىل.
مانىئىڭ كۆپ بولسىمۇ، قورقماي ئۇزۇپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇ تاش، دەريا، ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

يۇقىرىقى كۇپلېتتا ئەمىر سەنئىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. «ئايرىلمىغىل»، «قايرىلمىغىل»، «قالمىغىل» دېگەن ئۈچ سۆزدىكى «-غىل» قوشۇمچىسى ئەمىر سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھەم ھەر بىر مىسرادىكى شېئىرىي پىكرىنىڭ تېخىمۇ قەتئىي، كەسكىن، شۇنداقلا يېقىملىق ئىپادىلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. دېمەك، مەزكۇر شېئىر ئەمىر سەنئىتىنىڭ ياردىمىدە ئۆز بالاغىتىنى تېپىپ، ئەينى

①يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 231 ـ بەت.

② Bılal Yücel hazırlayan: «Babur dıvanı», Ankara, 1995, S-208.

③ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى مەيل كاتېگورىيەسى بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلىدە «غىل، قىل، گىل، كىل» قوشۇمچىلىرىنى تىلغا ئالمىغان. ئەمما مارسېل ئەردالنىڭ «A grammar of old turkic» دېگەن كىتابىنىڭ 351 ـ بېتىدە «گىل» قوشۇمچىسىنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك بۇيرۇقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ ھەم بۇ قوشۇمچىنىڭ «قىل» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

دەۋرنىڭ تىل ۋە شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن. ئېنىقكى، شېئىر ھەرقانداق بىر ئىپادىلەش شەكىللىرىگە قارىغاندا روھىيەت ۋە ماددىيەتنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنداقلا شېئىر ياكى شېئىر تىلى شەخسنىڭ ياكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېتەكچىسى، ماھىيەتتە بارلىق ئۆزگىرىش ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبىدۇر[1]. دېمەك، ئەمىر سەنئىتىدىكى قەتئىيلىك شېئىرنىڭ چاقىرىق كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، شېئىرنى ئىجتىمائىي يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ.

نىدا سەنئىتى: شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەمىر سەنئىتىدە نىدا سەنئىتىگە ئوخشاش «ئەي»، «ھەي» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر بولمايدۇ.

ئۆمر غەفلەتتە ئۆتكەرىپ بارا سەن
ئەي يىگىت ۋاقىف ئول قاراپ بارا سەن[2]

— بابۇر

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ يۇقىرىدىكى شېئىرىدا نىدا سەنئىتى قوللىنىلغان. نىدا سەنئىتى، شائىرنىڭ ھاياجانلانغان ياكى گۈزەل تۇيغۇلارغا غەرق بولغاندا، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنى بىۋاستە «ئەي»، «ھەي» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئوقۇغۇچىغا ھېس قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى بىللە قوللىنىلىدۇ.[3] شائىر بابۇر يۇقىرىدىكى بېيىتتا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە «ئەي» ئىملىقىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىغا ھاياتنى غەپلەتتە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى جېكىلىگەن. ئەلۋەتتە، بۇ خىل جېكىلەش بابۇرنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى توغرا دەپ قارىغانلىقىنى شەرت قىلىدۇ.

كىتابەت سەنئىتى: «كىتابەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يازماق»، «يېزىق»، «خەت» دېگەن مەنىلىرى بار.[4] شەرق ئەدەبىياتىدا ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ شەكىل گۈزەللىكىدىن بەدىئىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان. بولۇپمۇ سوپىزملىق پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە پايدىلىنىلغان. «ا» ھەرپىنىڭ يەككىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەككىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مەۋجۇداتلارنى تەسۋىرلىگەن.

ئەگەر تۈزلۈك بىلە بەرپا بولۇرسەن
ئەلىفدەك جان ئىچىندە جا بولۇرسەن[5]

— سوپى ئاللايار

ئەللامە سوپى ئاللايار يۇقىرىدىكى بېيىتىدا «ئەلىف» ھەرپىنىڭ تۈز ۋە ئىنچىكىلىكىدىن، شۇنداقلا يەككىلىكىدىن بەدىئىي تىمسال ياراتقان. بۇ بېيىت «ئەگەر سەن چىن بىر ئىنسان بولۇپ يېتىشەلىسەڭ، مۇتلەق بىرلىكنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالىسەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد تەلىماتىنىڭ ئاخىرقى چېكى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز 32 ھەرپنىڭ ھەر خىل شەكلىدىن پايدىلىنىپ خىلمۇخىل بەدىئىي تىمساللارنى ياراتساق بولىدۇ. بۇ شائىرلارنىڭ

---

① 切斯瓦夫·米沃什:«诗的见证»,广西师大出版社,2011年,第47页。

② Bılal Yücel hazırlayan: «Babur dıvanı», Ankara, 1995, S-208.

③ Cem Dilçin: «Türk şiir bilgisi», Ankara, 2000 yil, S-453.

④ «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 540 - بەت.

⑤ Рашид зохид теярлиған:«саботул ожизин», тошкент, 1991, S-94.

ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

كىرىپ بىر ئەين ئىككى لام ئاراسىغا بولۇپ جانبەخش
تۇشۇپ خالى قۇياشنىڭ ئۆزرە بولدى مىڭ ئەدەد پەيدا[①]

— زۇھۇرىي

شائىر زۇھۇرىينىڭ يۇقىرىقى بېيىتىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئۇ بىر سۆزدىكى ھەرپلەرنى پارچىلاپ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش تالانتىنى نامايان قىلغان.

ئىھام: بۇ بەدىئىي سەنئەتكە ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «ئىككى بىسلىق، كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن پايدىلىنىش» دەپ تەبىر بەرگەن[②]. بۇ سۆز ئەرەبچە «ئويلاندۇرۇش»، «تەپەككۇر قىلدۇرۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تۈرك ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيەسى»دە: «ئىھام ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق مەنىسى بولغان بىر سۆزنىڭ ئەڭ ئۇزاق (يىراق) مەنىسىنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ»[③] دېيىلگەن. دېمەك، بىر سۆز بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل مەنە ئارتقۇزسا، ئىھام سەنئىتى بولىدۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

ئاي يۈزۈڭ يوقدا قارا كۈن بولسۇن
يەر كۆك ئاستىنۇ ئۈستۈن بولسۇن

— بابۇر

يۇقىرىدىكى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «قارا» سۆزى ئىككى خىل مەنىدە كەلگەن. بىرىنچى مەنىسى، «ئاي يۈزۈڭ يوق چاغدا، قارىغىن يۈزۈڭ كۈن بولسۇن»، «قارا» سۆزى بۇ يەردە «قاراش» مەنىسىدە كەلگەن. ئىككىنچى مەنىسى، «ئاي يۈزۈڭ يوق چاغدا كۈن قارا بولسۇن»، «قارا» سۆزى بۇ يەردە «زۇلمەت»، «قاراڭغۇ» مەنىسىدە كەلگەن.

سۇ بېرەر ھەر سۇبھىدەم كۆز ياشى تىغى ئاھىما
كىم تۆكەن قانىن سىپىھرىن سالسا مىھرىن ماھىما

— فۇزۇلىي

يۇقىرىدىكى بېيىتتا «مىھر» سۆزى ئىككى خىل مەنىدە كەلگەن. يەنى بىرىنچى مەنىسى «قۇياش»، ئىككىنچى مەنىسى «سۆيگۈ». «مىھر» سۆزى قۇياش مەنىسىدە كەلگەندە، «كىم تۆككەن قانىن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تاڭ سەھەردە قۇياشنىڭ قىزىرىپ چىقىشىغا تەققاسلانغان. «مېھىر، سۆيگۈ» مەنىسىدە كەلگەندە، بېيىتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**تىمسال سەنئىتى:** شېئىردىكى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئىپادىلەنگەن پىكىرگە دەلىل سۈپىتىدە ئىككىنچى مىسرادا ھاياتىي بىر ھادىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشكە ئاساسلانغان سەنئەتتۇر. بۇ خىل سەنئەت ئەسلىي «تەمسىل سەنئىتى» دەپ ئاتالغان، ئەمما بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدا تەمسىل ماقال - تەمسىلنى كۆرسىتىدۇ ياكى ماقال - تەمسىلگە مۇناسىۋەتلىك بىرلا ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىدۇ[⑤]. ماقال -

---

① زۇھۇرىي: «دىۋان زوھۇرىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 1 - بەت.
② ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 - يىلى نەشرى، 20 - بەت.
③ «Edebiyat ansiklopedisi», 1991, S-144.
④ Анвар хажиахмедов: «шеър санъатларини биласизми», тошкент, 2001, S-24.
⑤ ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 144 - بەت.

تەمسىل كەلتۈرۈش سەنئىتى بولسا كىلاسسىك بالاغەت ئىلمىدە «ئىرسالى مەسەل سەنئىتى» («قۇتادغۇ بىلىك»تە بىۋاستە مەسەل دەپ ئېلىنغان) دېيىلگەن. ئىرسالى مەسەل ئوي - پىكىرنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەرنى سەنئەتلىك تۈستە شېئىر مىسرالىرىدا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ماقال - تەمسىل جانلىق تىلدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، شۇنداقلا تۇرلۇك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئۈلگە، نەسىھەت، تەنبىھ، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ①. بۇ ھال بىز مەزكۇر ماقالىمىزدە مۇلاھىزە قىلمۇاتقان تىمسال سەنئىتى بىلەن روشەن پەرققە ئىگىدۇر. تىمسال سەنئىتىگە مىسال:

ئوقۇش كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز
كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز②

مەزكۇر بېيىتتا بىرىنچى مىسرادا دېيىلگەن شېئىرىي مەنە ئىككىنچى مىسرا ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشكەن. يەنى ئىنسانغا نىسبەتەن يۈز، يۈزگە نىسبەتەن كۆزنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدەك جانلىق مىسالنى كۆرسىتىپ، بىرىنچى مىسرادىكى ئابستراكت شېئىرىي پىكىرنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئوقۇش، تىل ۋە سۆز ماددىي نەرسە بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، بىرقەدەر ئابستراكت بولىدۇ. ئەمما ئىككىنچى مىسرادىكى ئىنساننىڭ يۈزى ھەممە كىشىلەرگە ئېنىق بولىدۇ. بۇ ھال بىرىنچى مىسرانىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېقىپ كەتتىم خىياللارغا
لاي سۇ ئاقار③

— ئادىل تۇنىياز

بۇ ئىككى مىسرادىمۇ ئەھۋال شۇنداق. خىيال ئابستراكت ئۇقۇم. لېكىن ئىككىنچى مىسرادىكى «لاي سۇ» ھەممە كىشىلەر بىلىدىغان كونكرېت شەيئى. شۇ ۋەجىدىن بىرىنچى مىسرادىكى شېئىرىي پىكىر ئىككىنچى مىسرادىكى ھاياتىي بىر ھادىسە ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشتى. خىيالغا ئېقىۋاتقان شائىر بۇ يەردە لاي ئىدى. لاي سۇدا خىلمۇخىل نەرسىلەر بولىدۇ. دېمەك، شائىر ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، خىياللىرىنى لاي سۇدىن ئىبارەت كونكرېت شەيئى ئارقىلىق تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ماقال - تەمسىل كەلتۈرۈش سەنئىتى: بىز يۇقىرىدا ماقال - تەمسىل سەنئىتىنىڭ «ئىرسالى مەسەل سەنئىتى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا «قۇتادغۇ بىلىك»تە بىۋاستە «مەسەل» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋال «قۇتادغۇ بىلىك»تە تولا ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ماقال - تەمسىل كەلتۈرۈلگەن بېيىتلار خېلى كۆپ. مەسىلەن:

مۇڭار مەڭزەتۇ ئەمدى تۈركچە مەسەل
ئېشىتكىل مۇنى سەن ئۇقۇپ ئۆزگە ئال

① ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 141 - بەت.
② ReŞid Rahmeti Arat Hazirlayan: «Kutadgu Bilig», Türk dil kurumu, Ankara, 1979, s-34.
③ ئادىل تۇنىياز: «چۈمبەلدىكى كۆز».

ئۆرۈك سۆت بىلە كىرسە ئەزگۈ قىلىق
ئۆلۈم تۇتماغىنچا ئەۋرمەز يورۇق[①]

(كېلۈر بۇڭا ئوخشاپ تۈركچە ماقال، ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئوقۇپ ئۆلگە ئال. ئەگەر كىرسە ئاق سۆت بىلەن ياخشى خۇلق، ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق)[②]

يۇقىرىدىكى مىسرادا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «سۆت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن ماقالنى كەلتۈرگەن بولۇپ، «مەسەل» دەپ ئاتىغان. مەسەل كۈنىمىزدە ئەخلاقىي تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجۋىي تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرىي ئەسەر دېيىلىدۇ[③]. دېمەك، مەسەلنىڭ كۈنىمىزدىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىستېمال مەنىسى پەرقلىنىدۇ. مەسەلنىڭ «مىسال» دېگەن مەنىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماقال - تەمسىلنى كۆرسەتمەيدۇ.

قىلماغان جانىن فىدا جانانغا يەتمەس دەر ئېمىش
ئەي نەۋايى ئۇشبۇ سۆز بىرلە فىدا يۈز جان ئاڭا[④]

بۇ خىل شېئىرىي سەنئەت نەۋايى ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. نەۋايى بۇ بېيىتتا «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىپ، ھەتتا يۈز جېنى بولسا تەسەددۇق قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى بەدىئىي سەنئەتلەر كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بىز بۇگۈنكى ئىجادىيىتىمىزدىمۇ بەدىئىي سەنئەتلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلانساق، شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ بېيىشى ۋە يۈكسىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور: مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (مىرسۇلتان ئوسمان تەييارلىغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 - يىلى نەشرى، 101 - بەت.
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 223 - بەت.
③ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (3 - توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 116 - بەت.
④ ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇس - سىغەر» (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 12 - بەت.

ئابلىز مۇھەممەد سايرامي

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى باش كىيىمگە دائىر بايانلار ۋە دوپپا مەدەنىيىتىمىز

باش كىيىم كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئېتنىك مەدەنىيەت تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنى كىشىلىك مەدەنىيلىكى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ سوغۇقتىن ساقلىنىش، ئىسسىقتا دالدا بولۇش، بېزەك (زىننەت)، ئەدەپ ـ يوسۇن قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ باش كىيىملىرى شەكلى، ئىشلىتىلىش يولى، كىيىش ئادىتى جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ باش كىيىمى بىلەن روشەن پەرقلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى «بۆرك» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»*(تۆۋەندە «دىۋان» دېيىلىدۇ)دا «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆرك بولماس» («تات بار يەردە تۈرك بار، باش بولىدىكەن بۆرك بار»، 2 ـ توم 410 ـ بەت) دېگەن تەمسىل كەلتۈرۈلگەن. دېمەك، تۈركىي خەلقلەردە «بۆرك» بەك ئومۇملاشقان باش كىيىم.

«بۆرك» سۆزى «دىۋان»دا «قالپاق»، «تەلپەك» دەپ ئىزاھلانغان. «بۆرك» (بۆك) سۆزى ھازىر تۇرپان، قومۇل، خوتەن ئۇيغۇرلىرىدا كەڭ تۈردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. «دىۋان»دا بۆركنىڭ بىرقانچە تۈرلىرى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى ئېنىق قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، «قوتۇرما بۆرك ـــ قايرىما بۆرك، يەنى ئالدى ـ ئارقىسىدا قايرىمىسى بار بۆرك» (1 ـ توم 630 ـ بەت)، «سۇ قۇرلاچ بۆرك ـــ كۇلاھ، ئۇزۇن قالپاق» ( 1ـ توم 642 ـ بەت)، «قىزىغلىغ ياكى قىيىقلىغ بۆرك ـــ جىيەكلىك بۆرك» ( 1ـ توم 646 ـ بەت)، «ئول بۆرك تۇر تالادى ـــ ئۇ بۆككە ئالتۇن قاداقلارنى بېكىتتى» (3 ـ توم 480 ـ بەت). «يەڭ ـــ ئەندىز، قېلىپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى... بۆرك يەڭى ـــ بۆك قېلىپى، ئەندىزىسى، يەنى بۇ مۇنداق بولىدۇ: قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ كېسىلىدۇ (ياكى ئويۇلىدۇ) ۋە ياكى لايدىن يو-

* ـــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1981 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساس قىلىندى.

ملاق تونۇر شەكلىدە قېلىپ ياسىلىدۇ. بۆركنىڭ يىپەك رەختى شۇنىڭغا ئۆلچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېلىپىمۇ شۇنداق» ( 3 ـ توم 94 ـ، 493 ـ بەتلەر).

«تۇماق» سۆزى 14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «لۇغاتىت ـ تۈركىيە»دە: «قاپلىماق، ياپماق، ئەتمەك» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆز ئۇۋچى قۇشلارنىڭ كۆزىنى قاپلاپ قويىدىغان «تۇماغا»دىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ «بۆك»كە ئوخشاش خالتىسىمان نەرسە تىكىپ، ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە مويدىن جىيەكلىك تۇتۇلۇپ، بوغقۇچ تىكىلىدىغان نەرسە.

«دوپپا» ئەسلىي «دبا ـ توپا ـ تېپە، تۆپە» بولۇپ، ئەرەبچە «تىل» (تەل) دەپ ئىزاھلانغان. «تەل» سۆزى «چوقا، تاغ تۆپىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «دىۋان»دا «تبو» (تۆپۈ) دەپ يېزىلىپ، «تاغ تبوسى» (تاغ تۆپىسى، ئىككىنچى بىر مەنىسى «تۆپە»، يەنى ئادەمنىڭ تۆپىسى، چوققىسى) دەپ ئىزاھلانغان (3 ـ توم 298 ـ بەت). «تۆپە» سۆزى تۈركىي تىللارنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە «دەبە»، «دەبا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ سۆز بارا ـ بارا «دوبا» دېيىلگەن، كېيىنچە «ب» تەكرارلىنىپ ۋە جاراڭلىقلىشىپ، «دوپپا» تەلەپپۇزىدا ئومۇملاشقان[①].

ئومۇمەن، شەكلى، ئايرىمىسى بىلەن باشقا (چوققىغا) كىيىلىدىغان نەرسىلەر «بۆك، دوپپا، قالپاق، تەلپەك، تۇماق» دەپ ئايرىم ـ ئايرىم ناملاردا ئاتالغان. دوپپا ئاساسەن ھەرخىل رەختتىن تىكىلگەندىن باشقا، قالپاق، تەلپەك، تۇماقلار كىگىز، يۇڭ، تېرىدىن تىكىلىدۇ. كىگىزدىن تىكىلىدىغىنى قالپاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىقلاردىن تىكىلىدىغىنى تەلپەك، رەخت ۋە مويدىن تىكىلىدىغىنى تۇماق دەپ پەرقلەندۈرۈلسە كېرەك. تەلپەكتىن تۈرلىنىپ چىققانلىرى قۇلاقچا (قۇلاقنى ياپىدىغان ياپقۇچىسى بار تەلپەك). تەلپەكنىڭ تۈرلىرى تولا. ھازىر تۇماقنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى.

بىرىنچى، دوپپىلىرىمىزنىڭ قۇرۇلمىسى

دوپپا ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ بىر چوڭ تۈرى، شۇنداقلا ئەڭ سەرخىلى. ئۇ ئۇزاق تارىختا، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە، كۈچلۈك سىمۋوللۇق قىممەتكە ئىگە بولغان يەرلىك مەھسۇلاتتۇر.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى قانداق ماتېرىيال، قانداق رەختلەردىن تىكىلگەن بولسۇن، بىردەك پارچە ـ پارچە بۆلەكلەرنى مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە تىكىپ چېتىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەر ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دوپپىنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەرنى تىك بۆلەكلەر ۋە توغرا بۆلەكلەردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ.

تىك بۆلەكلەر: دوپپىنىڭ ئىچىدىن تېشىغا قەدەر بولغان قەۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەستەر، قاتۇرما، تاشلىق (تەگلىك)، گۇل كەشتە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەستەر — دوپپىنىڭ باشنى ئوراپ تۇرىدىغان ئىچكى قەۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە يۇمشاق، سىيدام رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. قاتۇرما — ئەستەر بىلەن تەگ ئارىسىغا ئېلىنىپ، دوپپىنىڭ قېلىنلىقىنى ئاشۇرغۇچى، دوپپىنى قاتۇرغۇچى ۋە ئىسكەتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئارا قەۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شىلىم قاتۇرما رەخت، قاتۇرما قەغەز، پىلتە قەغەز قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. تاشلىق — دوپپىنىڭ سىرتىغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەگلىك قىسمى بولۇپ، تاۋار، دۇردۇن، مەخمەل، دۇخاۋا قاتارلىق سۈپەتلىك رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. گۇل كەشتە — دوپپا تاشلىقىغا كەشتىلەپ چىقىرىلىدىغان نەقىش بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق دوپپىنىڭ يۇقىرىقىدەك تۆت قەۋەت بولۇشى شەرت ئەمەس. بەزى سىيدام دوپپىلار ئەستەر ـ تەگدىنلا تەركىب تاپىدۇ؛ بەزىسى ئەستەر، تەگ، نەقىشتىن تەركىب تاپىدۇ.

① «مىراس» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان، 54 ـ بەت.

توغرا بۆلەكلەر: توغرا بۆلەكلەر دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىن چوققىسىغا قەدەر بولغان توغرا بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە جىيەك، كېزەك، تالادىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. جىيەك — دوپپىنىڭ ئاستىنقى گىرۋىكىنى هاسىل قىلىدىغان تار چەمبىرەك شەكىللىك بۆلەك بولۇپ، كەڭلىكى بىر - ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ. كۆپىنچە قارا رەڭلىك رەختلەردىن تەييارلىنىپ، كەشتە - نەقىش چىقىرىلمايدۇ. قىسمەن شاپاق دوپپىلار ۋە باللار قاتۇرما دوپپىلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە ئاددىي نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. كېزەك — دوپپىنىڭ باش ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاسقان قىسمى بولۇپ، كەڭلىكى تۆت - بەش سانتىمېتىر بولىدۇ. تالا — دوپپىنىڭ باشنىڭ چوققا قىسمىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قىسمى بولۇپ، تالالىق بۆلەكلەرنىڭ تالاسى تۆت (بەش تالالىق بۆكلەردە بەش) پارچە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك رەختتىن تەييارلىنىدۇ. بەزى يۇمىلاق دوپپىلارنىڭ تالاسى بىر پۈتۈن چەمبىرەك شەكىللىك بولىدۇ. ئۇ «تالا» دېيىلمەي «تۆپلىك» دېيىلىدۇ. ئادەتتە كېزەك بىلەن تۆپلىك بىر خىل رەختتىن تەييارلىنىپ، دوپپىنىڭ گۈل - نەقىشلىرى مۇشۇ بۆلەكلەرگە چۈشۈرۈلىدۇ.

لېكىن، دوپپىلارنىڭ توغرا بۆلەكلىرىنىڭ ئۈچ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئادەتتە ئاق دوپپىلاردا جىيەك بولمايدۇ. سەللە دوپپىسى قاتارلىق قىسمەن دوپپىلاردا جىيەك بولىدۇ. لېكىن، كېزەك بىلەن تالاسى ئايرىم قىلىنماي بىر پۈتۈن پىچىپ تىكىلىدۇ.

ئىككىنچى، دوپپىلىرىمىزنىڭ مەھسۇلات تۈرى

هازىرغا قەدەر دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىدىن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن كۆپ مەنپەئەتلەرنى ئالدۇق. شۇڭا، ئۇلارغا ئىھتىرام بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، بۇ تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تۈرگە ئايرىشتا ئىلمىيلىك كەمچىل بولۇپ كەلدى. دوپپىلارنىڭ شەكىل تۈرى، گۈل نۇسخا تۈرى، كەشتە تۈرى، ھەتتا تەگلىك رەخت تۈرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىنى بىر قاتارغا تىزىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆپ تەكرارلاندى، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىلمىي ئىزغا سېلىش زۆرۈر.

دوپپىنىڭ مەھسۇلات تۈرى — دوپپىنىڭ شەكىل پەرقى، قۇرۇلما پەرقى، تەگلىك رەڭ پەرقى، ئىستېمال ئورنى پەرقى، گۈل كەشتە كۆرۈنۈش پەرقى، كەشتىلەش ئۇسۇل پەرقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، دوپپىنىڭ شەكىل - كۆرۈنۈش جەھەتتىكى پەرقلىرى ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلات تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەھسۇلات خىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. شەكىل پەرقىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈش شەكلى پەرقىگە ئاساسەن يۇمىلاق دوپپا ۋە تالالىق دوپپىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تالالىق دوپپا يەنە تۆت تالالىق دوپپا، بەش تالالىق دوپپا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ (ئالتە تالالىق دوپپىلارنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم). ئەمما، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى تۆت تالالىق دوپپىدۇر.

2. قۇرۇلما پەرقىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە، يەنى قانداق پەسىلدە كىيىشكە باب كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن شاپاق دوپپا ۋە قاتۇرما دوپپىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. شاپاق دوپپا ئەستەر، تەگدىنلا تىكىلىدىغان دوپپا بولۇپ، بىرقەدەر نېپىز بولىدۇ. ئەتىيازدىن كۈزگىچە بولغان ئىسسىق پەسىللەردە كىيىشكە باب كېلىدۇ. ئاق دوپپا ۋە تالالىق شاپاق دوپپىلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. قاتۇرما دوپپا ئەستەر - تەگ ئارىسىغا يەنە بىر - ئىككى قات رەخت ئېلىپ، شىلىم بىلەن قاتۇرۇپ ياكى ئەستەر - تەگ ئارىسىغا قەغەزدىن ئېشىلگەن پىلتە (قەغەز نوكچا)

ئۆتكۈزۈپ تىكىلىدىغان قېلىن دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. شاپاق دوپپىلاردىن باشقا بارلىق دوپپىلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ خىل دوپپىلار باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە كىيىشكە باب كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا يىل بويى كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

3. رەڭ پەرقى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى رەڭ پەرقى بويىچە ئاق دوپپا ۋە رەڭدار كەشتە دوپپا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئاق دوپپا ئاق رەڭلىك رەختتىن تىكىلىپ، ئاق رەڭلىك يىپتىن كەشتىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ يۈزىدە كەشتە بولسىمۇ، تەگلىكتىن پەرقلىنىدىغان ئىككىنچى بىر خىل رەڭ بولمايدۇ. رەڭدار كەشتە دوپپا ھەر خىل رەڭلىك تەگلىك رەختتىن تىكىلىپ ئۈستىگە باشقا خىل رەڭلىك يىپتىن كەشتە ئىشلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ يۈزىدە كەم دېگەندە ئىككى خىلدىن ئارتۇق رەڭ ئەكس ئېتىدۇ.

4. ئىستېمال ئوبيېكتىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىيىشكە باب كېلىدىغان ئوبيېكت پەرقىگە ئاساسەن ئەرلەنچە دوپپا ۋە ئايالچە دوپپا دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئەرلەنچە دوپپىلاردا دوپپىنىڭ تەگلىك رېڭى سۇسراق، كەشتە رەڭ تۈرى ئازراق، رەڭ قېنىقلىقى ئاجىزراق، گۈل - نەقىشلەر شالاڭراق بولىدۇ. مەنپۇ دوپپا، بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، سەللە دوپپىسى، ئاق دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئايالچە دوپپىلارنىڭ كەشتە رەڭ تۈرى كۆپ، رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، رەڭ تۈسى شوخ، رەڭ سېلىشتۇرما پەرقى چوڭراق بولىدۇ. مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، تاشكەنت دوپپىسى قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئەمما تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا خاس بولغان چاچما دوپپىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇ خىل دوپپىلار شۇ جايدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىشىگە ئورتاق ئادەتكە ئايلانغان.

5. كەسىپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى قايسى خىل كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن سەللە دوپپىسى ۋە ئادەتتىكى دوپپىلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. سەللە دوپپىسى دىنىي ئۆلىمالار ۋە بىرقىسىم ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىسلام دىنىغا خاس بولغان ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە سەللە ئوراشقا ماس كېلىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ كېزىكى ئادەتتىكى دوپپىلاردىن خېلىلا ئېگىز، تۆپىسى ئۈچلۇق بولىدۇ. تەگلىك رەڭلىرىمۇ، كەشتە، نەقىش رەڭلىرىمۇ سۇسراق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى ھەممە كىشىلەر كىيىدىغان ئادەتتىكى دوپپا ھېسابلىنىدۇ.

6. كەشتە بەت يۈزى كۆرۈنۈشى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى دوپپا گۈللىرىنىڭ دوپپا بەت يۈزىدە كۆرۈنۈش پەرقى بويىچە تۈز كەشتىلىك دوپپا ۋە قاپارتما كەشتىلىك دوپپا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يىپ كەشتە دوپپىلارنىڭ گۈللىرى دوپپا يۈزىدە دوپپا تەگلىكى بىلەن ئاساسەن بىر تەكشىلىكتە بولىدۇ. ئىستېرېئولۇق كۆرۈنۈشكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار تۈز كەشتە دوپپا ھېسابلىنىدۇ. مارجان تىزما كەشتە دوپپا، پال - پال تىزما كەشتە دوپپىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مارجان تىزىقلىرىنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت پاختا ئېلىنىدۇ. بەزىلىرىگە پاختا ئېلىنمىسىمۇ، مارجان ياكى پال - پال تىزمىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان گۈللەر دوپپا يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قاپارتما نەقىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا بۇ خىل دوپپىلار قاپارتما كەشتىلىك دوپپا ھېسابلىنىدۇ.

7. كەشتە ئىشلەش ئۇسۇل پەرقى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى گۈل - نەقىشلەرنى كەشتىلەش پەرقىگە ئاساسەن، تىكمە كەشتە دوپپا، تورلىما كەشتە دوپپا، تىزما كەشتە دوپپا، قۇراق كەشتە دوپپىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تىكمە كەشتە دوپپا قول يىڭنىسى ئارقىلىق كەشتە ئىشلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. دوپپىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئۇسۇلدا كەشتىلىنىدۇ. تورلىما كەشتە دوپپا تىككۈچىلىك ماشىنىسى ئارقىلىق كەشتىلەپ تىكىلىدىغان دوپپىلارنى كۆرستە-

ىدۇ. ئاق دوپپىلارنىڭ ھەممىسى ۋە يەنە بەزى دوپپىلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا كەشتىلىنىدۇ. تىزما كەشتە دوپپا نەقىشلىرى تەبىئىي ياكى سۈنئىي مارجان، ئۈنچە، پال ـ پاللارنى مەلۇم قائىدە بويىچە يىپقا ئۆتكۈزۈپ تىزىپ، ئاندىن دوپپا يۈزىگە تىكىپ كەشتىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. مارجان دوپپا، پال ـ پال دوپپىلار مۇشۇ ئۇسۇلدا كەشتىلىنىدۇ. قۇراق كەشتە دوپپا دوپپا تاللىرىنى ئوخشاش بولمىغان رەڭلىك رەختلەردىن كېسىپ، ئاندىن دوپپا تاللىرىنىڭ تەگلىك رەڭلىرىنى سىممېترىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ چېتىپ، دوپپىنىڭ تەگلىك قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل رەڭلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ تىكىلىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلار كۆپ ئەمەس. پەقەت تۆت تاللىق شاپاق دوپپىلارنىڭ بىر قىسىملىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا تىكىلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەھسۇلات تۈرلىرىنى يۇقىرىقىدەك يەتتە چوڭ تۈر، 16 كىچىك تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، دوپپىلىرىمىزنىڭ گۈل ـ نۇسخا تۈرلىرى ۋە رەڭ تۈرلىرى

دوپپىنىڭ گۈل ـ نۇسخا تۈرلىرى گۈل ـ نەقىشلەرنىڭ شەكلى، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ۋە بەت يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قائىدىسىدىكى پەرقلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەرقانداق دوپپىنىڭ نەقىشلىرى نۇرغۇن يەككە گۈل ئېلېمېنتلىرى (شەكىللىرى) دىن تۈزۈلىدۇ. دوپپا گۈل ـ نەقىشلىرى ئومۇمەن گۈل ـ گىياھ ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرى ۋە گېئومېترىيەلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. گۈل ـ گىياھ ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ـ پىلەكلىرى، شاخلىرى، يوپۇرماق ـ گىجەكلىرى، غۇنچە ـ چېچەكلىرى، باشاق ـ مېۋىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۆسۈملۈك، شاخ ـ يوپۇرماق، غۇنچە ـ چېچەك شەكىللىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، مۇۋاپىق بەدىئىي پىششىقلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن گۈل ـ نەقىش شەكىللىرى بولۇپ، بەزىلىرى دوپپا يۈزىگە يەككە ھالەتتە كەشتىلىنىدۇ، بەزىلىرى گورۇپپىلاپ كەشتىلىنىدۇ. بۇ خىل گۈللەرنىڭ شەكىل ۋە رەڭ سىياقىغا ئاساسەن ئەسلىي ئۆرنەك ئوبيېكتىنى پەملىگىلى، بىلگىلى، مۇۋاپىق نام بىلەن ئاتىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا دوپپىلار گۈل ـ نەقىش سىستېمىسىدا ئاساسىي ۋە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغۇچى نەقىش نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بادام نۇسخا دوپپا نەقىشلىرىدە بادام مېۋىسىنىڭ شەكلى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. پاختا نۇسخا دوپپىدا كېۋەزنىڭ شاخ، يوپۇرماق، چېچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن ئۆسۈملۈك شەكلى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. چىمەن نۇسخا دوپپىدا گۈل ـ چىمەنلىك مەنزىرە ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ.

گېئومېترىيەلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ئۆرنەك قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تاق سىزىق، جۈپ سىزىق، يايى سىزىق، تۇمارچە (ئۈچ بۇلۇڭ)، غىش (رومبا)، چاقماق (تۆت بۇلۇڭ)، چېكىت، چەمبەر، تاقا (يېرىم چەمبەر، سوزۇنچاق يېرىم چەمبەر شەكىللىرى ئات تۇيىقىغا قېقىلىدىغان تاقىغا ئوخشايدىغان بولغاچقا، بۇنداق شەكىللەردىكى گۈللەر تاقا گۈل دېيىلىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق گۈللەر ئۆزلىرىنىڭ شەكىل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

دوپپا گۈللىرىدە ھەرقانداق ھايۋان، ئۇچار قۇش، ھاشارات ۋە ئادەم ئوبرازى يارىتىلمايدۇ (نەقىش ئېلېمېنتى قىلىنمايدۇ). بۇ دوپپىچىلىقتا ئەقىدە ـ ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە دوپپا نەقىشلىرى ئىچىدە «قۇشقاچ ئىزى»، «توشقان كۆزى»، «مۈشۈك ئىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بەزى گۈللەر بولسىمۇ، بۇ شۇ ھايۋانلارنىڭ ئىز شەكلىگە ئوخشىتىپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، شۇ خىل ھايۋان ئوبرازى يارىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

دوپپىلارنىڭ بەزى تۈرلىرى نەقىش نامى بىلەن ئاتالماستىن، ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ نامى، گۈل ـ نەقىش ماتېرىياللىرىنىڭ نامى، يۇرت نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ.

رەڭ تۈرلىرى دېگىنىمىز — دوپپا يۈزىدىكى گۈل ـ نەقىش شەكىللىرى، بۇ شەكىللەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ۋە گۈل شەكىللىرىنىڭ جايلىشىشى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئوخشاش بولغان، ئەمما دوپپىنىڭ تەگلىك رەڭگى ۋە گۈل رەڭگى پەرقلىق بولغان تۈرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بادام نۇسخا دوپپىنىڭ بەزىلىرى قارا تەگلىك، بەزىلىرى يېشىل تەگلىك بولىدۇ. ئەمما بىردەك بادام شەكلى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار گۈل نۇسخا تۈرى ئوخشاش، رەڭ تۈرى پەرقلىق بولغان دوپپا ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى دوپپا گۈل نۇسخىلىرىنىڭ گۈل شەكلى ۋە سىمۋوللۇق مەنىسى ئاساسەن ئوخشايدىغان، قىسمەن پەرقلىنىدىغان ياكى گۈل شەكىللىرى ئوخشاش بولسىمۇ، تىزىلىشى ئوخشىمايدىغان نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇنداق قىسمەن پەرقلىق نۇسخىلاردىكى دوپپىلارنى ئاساسىي نۇسخىنىڭ قېرىنداش نۇسخىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدىلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تۆۋەندىكى گۈل نۇسخا تۈرلىرىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بادام دوپپا: بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، بادام مېۋىسى ئاساسىي گۈل قىلىنىپ، تۆت تالاسىغا بىردىن بادام شەكلى كەشتىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «بادام دوپپا» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چۆچۈرە بادام نۇسخا، ئاق بادام نۇسخا، قەغەز بادام نۇسخا، قىلىچ بادام نۇسخا، شاۋكا بادام نۇسخا، قوش بادام نۇسخا، قىزىل بادام نۇسخا، مارجان بادام نۇسخا، تاشكەنت (ئۆزبېك) بادام نۇسخا قاتارلىق قېرىنداش نۇسخىلىرى بار. بۇلار ئىچىدە قوش بادام نۇسخا دوپپىنىڭ ھەربىر تالاسىغا بىر جۈپ بادام شەكلى كەشتىلىنىدۇ، شۇڭا «قوش بادام نۇسخا» دېيىلىدۇ. مارجان بادام نۇسخا دوپپىنىڭ بادام گۈللىرى ئۈنچە ـ مارجان تىزىقلىرى ئارقىلىق كەشتىلىنىدۇ. قىزىل بادام نۇسخا دوپپا قىزىل ياكى ھال رەڭ رەختتىن تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇلار ئاياللارغا خاس دوپپىلار بولغاچقا، «ئايالچە بادام دوپپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قالغان قېرىنداش نۇسخىلىرى ئەرەنچە دوپپا بولۇپ، قارا تەگ ۋە يېشىل تەگدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشى بار. لېكىن بىردەك بادامىلىق باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

چىمەن دوپپا: بۇ «گۈل ـ چىمەنلىككە ئوخشايدىغان دوپپا» دېگەنلىكتۇر. بەزى جايلاردا «چېكەن دوپپا» دېيىلىدۇ. ئەمما، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، بۇغداي ياكى باشقا گۈللەرنىڭ بېغىش، باشاقلىرى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. گۈل سىزىقلىرى ئىنچىكە، گۈللىرى كىچىك، زىچ بولىدۇ. چىمەن دوپپىنىڭ ئەرەنچە ۋە ئايالچە نۇسخىلىرى بار. ئەرەنچە چىمەن دوپپا ئاساسىي نەقىش شەكلى پەرقىگە ئاساسەن ئۈچ خىل قېرىنداش نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ. (1) باشاق چىمەن نۇسخا دوپپا: بۇ خىل دوپپىنىڭ ئاساسىي نەقىشلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، يايى شەكىللىك گۈل باشاقلىرىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ (بەزىلەر بۇ شەكىلنى بۇغداي باشقىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ). دوپپا تېگى يېشىل، ئاچ يېشىل، ئاچ مايسا رەڭلىك، گۈللىرى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ (2) شاخ چىمەن نۇسخا دوپپا: بۇ خىل دوپپىنىڭ ئاساسىي نەقىشلىرى دوپپا كېزىكىدىن دوپپا چوققىسىغا يۆنەلگەن گۈل شېخى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى يانغا شاخلىغان گۈل بەرگى، گۈل بەرگىگە قاتار جايلاشقان ئۆششاق يوپۇرماق، چېچەك قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. دوپپا تېگى سېغىزرەڭ، ئاچ مېغىز رەڭلەردە، گۈللىرى قارا رەڭلىك ياكى ئاچ جىگەر رەڭلىك بولىدۇ؛ (3) بادام چىمەن نۇسخا دوپپا: گۈل نەقىشلىرى شاخ، بادام، چېچەك شەكىللىرىدىن تۈزۈلىدۇ. تېگى ئاچ يېشىل، ئاچ مايسا رەڭلىك بولىدۇ، گۈللىرى ھەر خىل رەڭلىك يىپلاردىن تىكىلىدۇ.

ئايالچە چىمەن دوپپىنىڭ تېگى ئاق رەڭلىك، گۈل شەكلى شاخ، گۈل رەڭگى قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. چىمەن دوپپىنىڭ قايسى خىل قېرىنداش نۇسخىسى بولسۇن، بىردەك گۈل ـ گىياھلار قويۇق ئۆسكەن چىمەنلىك مەنزىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەنپۇ دوپپا: بۇ پۈتۈن تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، يىپ كەشتە مەنپۇ نۇسخا، مارجان كەشتە مەنپۇ نۇسخا قاتارلىق ئىككى خىل قېرىنداش نۇسخىسى بار. تالاسىغا تۆت، كېزىككە تۆت جەمئىي سەككىز دانە گۈل كەشتىلىنىدۇ. گۈللىرى گۈل ـ گىياھ بېغىشلىرى، يوپۇرماق، چېچەك، غۇنچىلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. شەكلى يۇمىلاق، سوقا، چاسىغا مايىل شەكىللەردە ھەرخىل رەڭدار يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. «مەنپۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ گۈللىرى يىغىنچاق كېلىدۇ. گۈللەر سىرتىدا خېلى كۆپ بوشلۇق (گۈلسىز تەگلىك) بولىدۇ. شالاڭ گۈللۈك مەنزىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مارجان كەشتە مەنپۇ دوپپا ئاياللارغا خاستۇر. يىپ كەشتە مەنپۇ دوپپا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسگە باب كېلىدۇ. مەنپۇ دوپپىلار قارا، يېشىل، بېغىررەڭ، سۆسۈن رەڭلىك مەخمەل ياكى دۇخاۋىنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ.

چاچما دوپپا: بۇ تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا خاس بولغان ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئۇيزىدە «چاشما دوپپا» دېيىلىدۇ. «چاچما» سۆزى «كەشتە» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «كەشتە دوپپا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، ئىككى خىل قېرىنداش نۇسخىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) قۇمۇل چاچما دوپپىسى: بۇ قومۇل ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان دوپپا تۈرى بولۇپ، گۈللىرى مودەنگۈل، قىزىلگۈل، نىلۇپەر (سۇ چېچىكى) گۈل قاتارلىقلارنىڭ شاخ ـ يوپۇرماق ۋە گۈل ـ غۇنچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. گۈللىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولۇپ، گۈللەر سىرتىدىكى تەگلىك رەڭ قىسمى ئانچە كىچىك ئەمەس. گۈللىرى قىزىل، شاپتۇل چېچىكى، يېشىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق توق رەڭلىك يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك بولۇپ، تەگلىك رەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ؛ (2) تۇرپان دوپپىسى: بۇ، تۇرپان شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان دوپپا تۈرى بولۇپ، قىزىلگۈل، مودەنگۈل قاتارلىقلارنىڭ گۈل ـ يوپۇرماق شەكىللىرى ئاساسىي نەقىش قىلىنىدۇ. ھەرخىل توق رەڭلىك يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. ئەمما، قىزىل ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گۈللىرى چوڭ، گۈللەر سىرتىدىكى تەگلىك رەڭ قىسمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، گۈللىرى تەگلىك رەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. كىشىگە خۇددى ئوتقاشتەك كۆرۈنىدۇ. چاچما نۇسخا دوپپىلارنىڭ گۈللىرى گۈللۈك باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. گۆش رەڭ، ھال رەڭ، كۆك، يېشىل رەڭلىك رەختلەرنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدىغان نۇسخىلىرى بار. چاچما دوپپىنى تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىيىدۇ.

گىلەم دوپپا: بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، قىزىل خەسە تەگلىك قىلىنىدۇ. ئۈستىگە بىر قىسىم يىپى سۇغۇرۇلۇپ ئۆششاق كاتەكچە ھاسىل قىلىنغان ئاق خەسىدىن ئەندىزە قويۇلۇپ، زىلچە گىلەمگە تىۋىت چەگكەندەك تىك، توغرا، قىيپاش قاتارلارغا سەكرىتىپ كەشتە تىكىلىدۇ. گۈللىرىدە گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر ئاساس قىلىنىدۇ. زىلچە گىلەم گۈللىرىگە سىمۋول قىلىنىدۇ، شۇڭا «گىلەم دوپپا» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل دوپپا نۇسخىسى خوتەندە بارلىققا كېلىپ باشقا جايلارغا تارقالغان، بۇ ئاياللارغا خاس بولغان دوپپىدۇر.

پاختا نۇسخا دوپپا: بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، گۈللىرى كېۋەز غولى، شېخى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى ۋە ئېچىلغان پاختا شەكلىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن كېۋەز شەكلىدە بولىدۇ. شۇڭا، «پاختا نۇسخا دوپپا» دەپ ئاتالغان. گۈللىرى چوڭ، رەڭ پەرقى ئېنىق بولۇپ، ھەربىر تالاسىغا بىر تۈپ كېۋەز شەك-

لى كەشتىلىنىدۇ. سۇسۇن رەڭلىك رەخت تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇ ئاياللارغا خاس دوپپا تۈرى بولۇپ، ئاز ئۇچرايدۇ.

غۇلجا دوپپىسى: بۇ بىر پۈتۈن چەمبىرەك تۆپىلىك قاتۇرما بۆك بولۇپ، گۈللۈك غۇلجا دوپپىسى ۋە سىدام غۇلجا دوپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قېرىنداش نۇسخىسى بار. ھەر ئىككى خىلىنىڭ بۇرجەكى يوق يۇمىلاق دوپپا بولغاچقا، كېسىك كونۇس شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈللۈك غۇلجا دوپپىلىرىنىڭ گۈللىرى مەنپۇ دوپپا گۈللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما گۈل شەكلى كىچىكرەك، گۈل سىرتىدىكى بوشلۇقلار كۆپرەك بولىدۇ. قىزىل، يېشىل، قارا، بېغىررەڭ مەخمەل ياكى دۇخاۋا رەختنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. شالاڭ گۈللۈك مەنزىرىنى ئىپادىلەيدۇ. سىدام غۇلجا دوپپىسىغا گۈل كەشتىلەنمەيدۇ. قالغان جەھەتلىرى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ. غۇلجا دوپپىسى ئەرلەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان دوپپا تۈرىدۇر.

تاشكەنت دوپپىسى: بۇ تۆت تاالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، ئاق رەڭلىك رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ. گۈللىرى قىزىلگۈلنىڭ شاخ، يوپۇرماق، غۇنچە، گۈل شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن شەكىلدە بولۇپ، گۈللىرى چوڭ، رەڭلىرى ئوچۇق بولىدۇ. قىزىل رەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گۈللەر ئارىسىدىكى بوشلۇقلار ئاز بولىدۇ. گۈللۈك مەنزىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايالچە دوپپا بولۇپ، نۇسخا نامىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تاقا گۈل دوپپا، ئامۇتگۈل دوپپا، قۇشقاچ ئىزى نۇسخا دوپپا، توشقان كۆزى نۇسخا دوپپا، تەقىيە دوپپا، قارا دوپپا، كالاۋاتۇن تىۋىت دوپپا، زەر دوپپا، بۇغداي نۇسخا چىپار دوپپا قاتارلىق دوپپا نۇسخىلىرى بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىرقانچە خىل قېرىنداش نۇسخىلىرى ۋە تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى بار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخا تۈرلىرى نەچچە ئون خىلغا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە شەكىل تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دوپپا تۈرى بىر - ئىككى يۈز خىلغا بارىدۇ.

**ئۈچىنچى، دوپپىلىرىمىزنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى**

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخا ۋە رەڭ تۈرى ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەقىش شەكىللىرى ۋە شەكىللەرنى رەڭلەندۈرۈش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نەقىشلىرىدە شوخ ئۇسلۇب، سىپايە ئۇسلۇب ۋە ئارا ئۇسلۇبتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بايقايمىز.

شوخ ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ گۈل شەكىللىرى، نەقىش ۋە تەگلىك رەڭلىرىدە قىزغىنلىق، خۇشاللىق كەيپىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. چاچما نۇسخا دوپپا، تاشكەنت نۇسخا دوپپا، گىلەم دوپپا، زەر نۇسخا دوپپا، مارجان نۇسخا دوپپا قاتارلىقلار شوخ ئۇسلۇب تىپىدىكى دوپپا تۈرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللىرى چوڭ، رەڭ تۈرى كۆپ، رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك بولۇپ، كىشىگە قىزغىنلىق، خۇشاللىق، جۇشقۇنلۇق، شوخلۇق، باياشاتلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل دوپپىلار ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، مەرىكە - مۇراسىم، شەھەر، بازار سەيلىسى، مەشرەپ قاتارلىق خۇشاللىق، قىزغىنلىق بىلەن ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر داۋامىدا بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك كىيىلىدۇ (ئادەتتىكى تۇرمۇشتا كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس). لېكىن، ئۆلۈم - يېتىم، ھازا - مۇسىبەت، كېسەل يوقلاش قاتارلىق قايغۇ، خاپىلىق بىلەن ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر ۋە ئېغىر، مەي-

نەت ئەمگەك قىلىش قاتارلىق ئىشلار داۋامىدا كىيىلمەيدۇ.

سىپايە ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ گۈل - شەكىللىرى، نەقىش ۋە تەگلىك رەڭلىرىدە جىمجىتلىق، سۈكۈنات كەيپىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بادام دوپپا، غۇلجا دوپپىسى، قارا دوپپا، ئاق دوپپا قاتارلىقلار سىپايە ئۇسلۇب تىپىغا مەنسۇپ دوپپا تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللىرى كىچىكرەك، تەگلىك رەڭلىرى سۇس ياكى قارىغا مايىل، گۈل رەڭلىرى ئاق ياكى رەڭ تۈرلىرى ئاز، رەڭ سېلىشتۇرمىسى ئاجىز بولۇپ، كىشىگە جىمجىتلىق، سۈكۈنات، ئېغىر - بېسىقلىق، تەمكىنلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل دوپپىلار ئادەتتە كىيىلگەندىن سىرت، ئۆلۈم - يېتىم، ھازا - مۇسىبەت، كېسەل يوقلاش قاتارلىق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر داۋامىدا بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك كىيىلىدۇ.

ئارا ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ شوخ ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار بىلەن سىپايە ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان دوپپا تۈرى بولۇپ، گۈل ۋە تەگلىك رەڭلىرى ئانچە شوخ بولمايدۇ، ئانچە تۇتۇقمۇ بولمايدۇ. نورمال ھالەتتىكى ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى ئىپادىلەيدۇ. چىمەن نۇسخا دوپپا، مەنپۇ دوپپا قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەم پائالىيەتلىرىدىمۇ، ئۆلۈم - يېتىم، كېسەل يوقلاش قاتارلىق پائالىيەتلەردىمۇ كىيىشكە بولىدۇ. بۇلار دوپپا ئىشلەپچىقىرىشنىڭمۇ، دوپپا كىيىشنىڭمۇ نوقۇل ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە ئىستېمال پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتى بىلەن زىچ باغلانغان، خۇشاللىق - خاپىلىقلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق مۇۋاپىق ئىپادىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىزدە، ھەرخىل دوپپا تۈرلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىش ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دوپپا كىيىش گەرچە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە ئورتاق بولغان كىيىنىش ئادىتى بولسىمۇ، قايسى رايوندا قايسى خىل نۇسخىدىكى دوپپىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ئاساسەن ئۈچ رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

جەنۇبىي شىنجاڭ — بادام دوپپا، چىمەن دوپپا رايونى. بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا بادام دوپپا، چىمەن دوپپا كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان. شاپاق دوپپا كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاياللار ئارىسىدا مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، تاشكەنت دوپپىسى كىيىش ئومۇملاشقان (ھازىر ئازىيىپ كەتتى). بۇ رايوندا مەنپۇ دوپپا ۋە غۇلجا دوپپىسى كىيىدىغانلار ئاز سالماقنى ئىگىلىسىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىش يۈزلىنىشىدە تۇرماقتا، چاچما نۇسخا دوپپا كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك.

بۇ رايوندا كۆپ مىقداردا دوپپا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىرقانچە نۇقتىلار شەكىللەنگەن. يەنى، يەكەن ناھىيەسىدە بادام دوپپا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئاق دوپپا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە چىمەن دوپپا، مارجان دوپپىلار كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بادام دوپپا يەكەندىن، چىمەن دوپپا، مارجان دوپپىلار قەشقەردىن باشقا جايلارغا سېتىلىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە چىمەن دوپپا، شاپاق دوپپا، زەر دوپپا، مەنپۇ دوپپا قاتارلىق ھەرخىل دوپپىلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش بىرقەدەر تارقاق مەركەزلەشكەن، مەھسۇلاتى كۆپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى يېتەرسىز.

شىمالىي شىنجاڭ — مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى رايونى. بۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئارىسىدا مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان. چىمەن دوپپا، بادام دوپپا كىيىدىغانلار سەل ئازراق، چاچما دوپپا كىيىدىغانلار تېخىمۇ ئاز.

بۇ رايوندا دوپپا ئىشلەپچىقىرىش غۇلجا شەھىرىگە مەركەزلەشكەن.

شەرقىي شىنجاڭ ــ چاچما دوپپا رايونى. بۇ تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى تۇرپان شەھىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا تۇرپان دوپپىسى ۋە قۇمۇل چاچما دوپپىسى كەبى كەڭ ئومۇملاشقان. مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى، چىمەن دوپپىسى كىيىدىغانلار ئازراق. بادام دوپپا كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك. چاچما دوپپا ئىشلەپچىقىرىش قۇمۇل شەھىرىگە، تۇرپان دوپپىسى ئىشلەپچىقىرىش تۇرپان شەھىرىگە مەركەزلەشكەن. بولۇپمۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى، تەڭرىتاغ يېزىلىرىدا چاچما دوپپىنى ئاساس قىلغان چاچما كەشتە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ۋە مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلغان. «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ 2009 - يىلى 29 - نويابىردىكى «كۆڭۈلدىكى سۆز» پىروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، «ئۆزگۈل چاچمىچىلىق كارخانىسى» قاتارلىق چاچمىچىلىق كارخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. بەزىلىرى «تەڭرىتاغ چاچمىلىرى» قاتارلىق تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرغان. قۇمۇلنىڭ 15 دانە ھەر خىل چاچما دوپپا ۋە چاچما كەشتە بۇيۇملىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلاشقا تاللانغان. قۇمۇل چاچمىلىرى 2005 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

**بەشىنچى، دوپپىنى كىيىش ئۇسۇلىمىز**

ھەر مىللەتنىڭ باش كىيىملىرى ھەرخىل بولغىنىدەك، ئۇنىڭ تىكىلىشىگە بېقىپ، كىيىش ئۇسۇللىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ھەرقانداق بۆكنىڭ ئالدى - ئارقىسى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە دوپپىلارنىڭ قىرلىرىنى يان تەرەپكە توغرىلاپ كىيىدۇ (قىرسىز دوپپىلاردىن باشقا)، چۈنكى دوپپىنىڭ گۈللىرى ياكى قاداقلىرى ئادەمنىڭ يۈز - چىرايىغا ماس ھالدا توغرا تاناسىپ بولۇپ كېلىدۇ. قاداقلىق دوپپىلارنى چوققۇم توغرا تاناسىپ بويىچە، شاپاقلىرى (تۆپىلىكلىرى) دىن بىرىنى پېشانىگە توغرىلاپ كىيىش كېرەك. قالپاق، شىلەپە، شەپكە، قۇلاقچىلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ توغرىلاپ كىيگەندەك، دوپپىلارنىڭمۇ تۆپىلىكلىرىدىن بىرىنى پېشانىگە توغرىلاپ كىيگىنىمىز تۈزۈك. بادام دوپپىسى تىكىلىپ، جىيەكلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى تۇتاشتۇرغاندا بىر پۆپۈچەك قويۇلىدۇ. ھەر كىم مەزكۇر پۆپۈچەكتىن تۇتۇپ، ئۇنى قۇلاق ئۈستىگە كەلتۈرۈپ، تالاسىنى پېشانىگە توغرىلاپ كىيىدۇ. دەرۋەقە، دوپپىنى ئۆزى خالىغانچە، ھەر قىسما كىيىدىغانلار بار. مەسىلەن، دوپپىنى قىرلاپ، جىيىكىنى قاتلاپ دېگەندەك. ئەمما، دوپپا مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بۇگۈنكى كۈندە كىيىش ئۇسۇلىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرگىنىمىز ياخشى ئادەت[1].

(ئاپتور: جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)

---

[1] بۇ ماقالىنى يېزىشتا ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەدئىمىن سابىرلارنىڭ ئالاقىدار ماقالىلىرىدىن پايدىلاندىم.

مامۇت قۇربان

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئات ۋە ئات جابدۇقلىرىغا ئائىت بايانلاردىن ئات مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر

تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ كۆچمەن تۇرمۇشتا ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇرۇندىن تارتىپلا چارۋىچىلىققا شۇنچە ئەھمىيەت بېرەتتىكى، سان ـ ساناقسىز ئات، قوي ۋە كالا پادىلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بايلىقى ئىدى. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ)دىكى چارۋىچىلىققا دائىر مەلۇماتلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئاتقا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى بايقايمىز،① بۇ ئۇچۇرلاردىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق مەدەنىيىتىگە دائىر بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

1. ئات ۋە ئات جابدۇقلىرى

«دىۋان»دا يېزىلىشىچە، «يامان دەپ ھېسابلىغان ئات» (3 ـ توم 157 ـ بەت)نى ئىشلەتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا نوختا سېلىنىدىغانلىقى مەلۇم. نوختىدا خۇددى ھازىرقىدەك «ئېغىزدۇرۇق» (3 ـ توم 196 ـ بەت)، «يۈگەن» بولاتتى. ئاتنى مىنگەن ۋاقىتتا خۇددى ھازىرقىدەك ئالدى بىلەن ئاتنىڭ نوختىسىنى سېلىپ، ئاندىن ئېغىزىغا «يۈگەن»نى كىيدۈرۈپ مىنەتتى. ئاتنىڭ يۈگىنى چوڭ، كىچىك ئىككى خىل بولاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كىچىك يۈگەن» (3 ـ توم 224 ـ بەت) دەپ يېزىشى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېغىزدۇرۇق خۇددى ھازىرقىدەك تۆمۈردىن سوقۇلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «نوختىلىق ئات» (3 ـ توم 65 ـ بەت) دەپ يازغانلىرىدىن ئەينى دەۋردە ئاتنى نوختىلاپ ئاندىن ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئات ئەقىللىك، شاش، جەڭگىۋار ھايۋان. ئۇ 11 ـ ئەسىردە مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپلا قالماي، يەنە دېھقانچىلىقتىمۇ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئادەملەر كۆپىنچە ياخشىراق

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1981 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساس قىلىندى.

ئاتقا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇھەقتە توختىلىپ: «ئادەمنىڭ زور ئاتقا ئىگە بولغۇسى كەلدى» (1 ـ توم 398 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە ئاتنى نوختىلاپ، ئېگەرلەپ، تاقىلاپ، «تۈشلۈك» (1 ـ توم 525 ـ بەت) باغ تارتىپ، چىڭىتىپ ئىشلىتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «نوختىلاندى» (3 ـ توم 157 ـ بەت)، «نوختىلىق ئات» (3 ـ توم 65 ـ بەت)، دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئات نوختىلاندى» دەپ يازىدۇ ھەمدە ئات نوختىسىدىكى ھالقا (3 ـ توم 506 ـ بەت) ۋە «تىزگىن» (1 ـ توم 578 ـ بەت) باش باغ توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ. «دىۋان»دا «باشباغ» (1 ـ توم 60 ـ بەت) دېگەن سۆزگە «ئات ئۇلاغنىڭ باشبېغى، ئات چۇشىكى» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ ئىسىم ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىۋاتىدۇ. ئىشلەتمەكچى بولغان ئاتقا ئالدى بىلەن تاقا قاقتۇرۇلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تاقىسىز ئات» (1 ـ توم 135 ـ بەت) دەپ يېزىشى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. «دىۋان»دا «كۆبەن» (1 ـ توم 525 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «تۆگەچومى، ئاتنىڭ ئېگەر توقۇمى قاتارلىق ئات ئۇلاغ جابدۇقلىرى» دەپ ئىزاھلىغان (ئۇغۇزچە)دىن سىرت، «ياۋداق» (3 ـ توم 64 ـ بەت) دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ: «ياۋداق ئات، ئۇ ئاتنى ياۋداق مىندى» دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئاتنى ياۋداق مىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئېگەرلىدى» (1 ـ توم 394 ـ بەت) دېگەن سۆز توغرىسىدا توختىلىپ، «ئادەم ئات ئېگەرلىدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان، ئاتنى ئېگەرلىگەن ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن ئاتقا «ئىچلىك» (1 ـ توم 142 ـ بەت) سالاتتى. ئۇ «دىۋان»غا خەلق ئىچىدىكى «ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس» دېگەن تەمسىلنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئات ئېگەرلىگەندە ئېگەر ئاستىغا چوقۇم ئىچلىك سېلىش لازىملىقىنى ئەسكەرتكەن. ئەينى ۋاقىتتىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئاتنى جابدۇغاندا ئېگەرنىڭ تەكتىگە توقۇم (ئىچلىك، 1 ـ توم 138 ـ بەت)، يەنى تەرلىك، «ئېگەر ئاستىغا قويۇلىدىغان كىگىز» (1 ـ توم 144 ـ بەت) ـــ جەزلىك سالاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئىگەرنىڭ ئالدى ـ ئارقا قاشلىرى» (1 ـ توم 142 ـ بەت) ۋە «ئېگەرنىڭ ئۈچ كۆكى» (2 ـ توم 413 ـ بەت) ھەققىدە توختىلىپ: «ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ بولىدۇ، تۆشۈك كۆپىيىپ كەتسە، ئېگەرنىڭ قېشى سۇنۇپ كېتىدۇ، تۆشۈك ئۈچتىن كەم بولسا، ئىككى كىشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئۈچ تۆشۈكنىڭ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىكى ئۈزەڭگە تۆشۈكىنى كۆرسەتسە، بىرى ئېگەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولۇپ، « قوشقۇن» (1 ـ توم 673 ـ بەت) چاتىدىغان تۆشۈكنى كۆرسىتەتتى. «ئېگەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا قاشلىرى» (3 ـ توم 16 ـ بەت) بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلاتتى، ئالدىنقى قېشىدا مۈشتەك چوڭلۇقتا ئىلگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئات يۈگىنىنىڭ تانىسى ئىلىپ قويۇلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «ئوتاغۇن» (1 ـ توم 146 ـ بەت)، «جىرىم» دېگەن سۆزنى «ئېگەرنىڭ سول تەرىپىگە بېكىتىلىپ، ئۇلاڭنىڭ ھالقىسى تارتىلىدىغان ئەنلىك تاسما»، دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئاتنى مىنگەن ۋاقىتتا، خۇددى ھازىرقىدەك ئۇنى نوختىلاپ، يۈگەنلەپ، ئېگەرلەپ مىنەتتى، «ئېگەر يوپۇقى» (1 ـ توم 567 ـ بەت)، «قوشقۇن» (1 ـ توم 673 ـ بەت) سېلىپ، «كاشا» (1 ـ توم 619 ـ بەت) ياكى «ئەنلىك تاسما» (1 ـ توم 146 ـ بەت) بىلەن ئىگەرنى چىڭ تارتىپ، ئۈزەڭگە سېلىپ مىنەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۈزەڭگە باغ» (1 ـ توم 619 ـ بەت) دەپ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۈزەڭگە بېغى ئايرىم بولسا كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئۈزەڭگە باغ» (1 ـ توم 619 ـ بەت)، «ھالقا» (3 ـ توم 506 ـ بەت) توغۇرگە ھەققىدە توختىلىپ: «يۈگەندە بولىدىغان بىرھالقا، ئۇ ئات قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ، ئاتنىڭ بېشى ۋە پېشانىسىدىن ئۆتكەن قېيىشلار شۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ، بۇنى يۇ-

گەن تونۇگىسى دەيدۇ». مەھمۇد كاشغەرىي «يۇگەننىڭ ئولۇك، سول تەرىپىدىكى نەرسىلەر» (1 ـ توم 522 ـ بەت) دەپ تەپسىلىي ئىزاھلىغان. بۇ ئاتالغۇلار ملك يىلدىن بېرى شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئەل» (1 ـ توم 67 ـ بەت) دېگەن سۆزنى ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى، «ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ، ئات باقارنى ‹ئەل باشى› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن، بۇ ‹ۋىلايەت باشلىقى› دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ‹ئات باقار› دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ» دەپ چۈشەندۇرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يازغان ئاتنىڭ «تىزگىن» (1 ـ توم 577 ـ بەت)نى ھازىرمۇ شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. «دىۋان»دا يەنە «تۇياق» (3 ـ توم 227 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ھايۋاننىڭ تۇيىقى»، «ئات تۇيىقى» دەپ ئىزاھلاپ، ئاتنىڭ ئىككىنچى، داۋان ياكى قوملۇقتا ماڭالمايۋاتقانلىقىنى «تېشىرقىدى (1 ـ توم 354 ـ بەت)، كۆمۈلدى، پاتتى» دەپ يېزىش ئارقىلىق، پۇت ياكى ئاياغنىڭ قۇمغا پاتقاندا تېشىرقايدىغانلىقىنى، بەزىدە ئات سۇرئىتى ئاستىلاپ قالسا، ئاتنى قامچىلاپمۇ قويىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، «ئۇ ئېتىنى قامچىلىدى» (3 ـ توم 481 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. ئات شاش، چېۋەر ھايۋان بولغاچقا، ئادەم قېشىغا كەلسە قۇلىقىنى يۇپۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «يۇپۇردى» (2 ـ توم 516 ـ بەت) دېگەن سۆز ئاساسىدا «ئات قۇلىقىنى يۇپۇردى» دەپ يېزىپ، «ئات بىرەر نەرسىنى تەپكەندە ياكى بىرەر نەرسىدىن قورققاندا، شۇنداق قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۇرگەن. بەزىدە ئات ئۇزاق ۋاقىت باغلاقتا تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشۇپ، ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلايدۇ، مەھمۇد كاشغەرىي بۇنى «ئات يەرنى تاتىلىدى» (3 ـ توم 360 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. مانا بۇ ئاتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئاتنىڭ خىللىرى ھەققىدە 30 نەچچە يەردە توختالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىدا كىشىلەر ئاتلارنى بىر ـ بىرىدىن رەڭگى، خۇلقى ئارقىلىق پەرقلەندۇرۇشكە ماھىر ئىدى.

**2. «دىۋان»دىكى ئاتقا ئائىت ئاتالغۇلار:**

ئازما يىلقى (1 ـ توم 175 ـ بەت)ـــ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قويۇپ بېرىلگەن يىلقا؛ ئاق ئات (1 ـ توم 110 ـ بەت) ـــ ئاق بوز ئات، ئوغۇزلاردىن باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ئاق بوز ئاتنى «ئاق ئات» دەپ ئاتايتتى؛ ئالا ئات (1 ـ توم 111 ـ بەت) ـــ ئالىچىپار ئات؛ ئاق باش ئات (1 ـ توم 628 ـ بەت) ـــ ئاقباش يىلقا؛ بويمۇل ئات (3 ـ توم 242 ـ بەت) ـــ بويىندا ئېقى بار ئات؛ قاشقا ئات (1 ـ توم 555 ـ بەت) ـــ يۈزى ئاق، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارا ئات، بۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى پەچەلى ئات؛ ئارقۇن (1 ـ توم 146 ـ بەت) ـــ ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. ئاۋتورنىڭ دېيىشىچە، بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئوزۇپ چىقىدۇ؛ ئەرىك ئات (1 ـ توم 95 ـ بەت) ـــ يورغا ئات، ئۇزاق ۋە تېز يۈرىدىغان ئات، ئاۋتورنىڭ دېيىشىچە بۇ سۆزنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ؛ يۈگۈرۈك ئات (3 ـ توم 60 ـ بەت) ـــ يۈگۈرۈك ئات، بەيگىدە ئوزۇپ چىقىدىغان ئات؛ بەچەل ئات ـــ پىچىۋېتىلگەن ئات (1 ـ توم 510 ـ بەت)؛ بوز ئات (3 ـ توم 169 ـ بەت) ـــ رەڭگى بوز، يەنى رەڭگى ئاق بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ بۇل ئات (1 ـ توم 437 ـ بەت) ـــ ئاق پاچاق ئات، قاشقىسى بار ئات؛ بۇگرۇل ئات (1 ـ توم 628 ـ بەت) ـــ ئىككى بىقىنى ئاق ئات؛ بۇلاق ئات (1 ـ توم 492 ـ بەت) ـــ بويىنى قىسقا، ئۇچىسى كەڭ ئات؛ بۇكتەل ئات (3 ـ توم 628 ـ بەت) ـــ ساغرىسى كەڭ، ئولتۇرۇشقا ئەپلىك ئات؛ بۇل ئات (1 ـ توم 437 ـ بەت) ـــ ئاق پاچاق ئات، قاشقىسى بار ئات؛ چىلگۇ ئات (1 ـ توم 560 ـ بەت) ـــ شىرغا ئات؛ ئىقىلاچ ئات (1 ـ توم 187 ـ بەت) ـــ چىرايلىق، شوخ، يۈگۈرۈك ئات؛ ئىگىش ئات (1 ـ توم 165 ـ بەت) ـــ شاش ئات؛ كەۋەل ئات (1 ـ توم 513 ـ بەت) ـــ يورغا ئات؛ ئارغىماق ئات (2 ـ توم 187 ـ بەت) ـــ يۈگۈرۈك ئات؛ مۇندۇز يورغا

ئات (1 ـ توم 598 ـ بەت) ــ يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات؛ قىر ئات (1 ـ توم 425 ـ بەت) ــ بوز ئات؛ قىزغۇل ئات (1 ـ توم 629 ـ بەت) ــ بوز بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر خىل رەڭلىك ئات، يەنى بۆرۈل ئات؛ قوش ئات (3 ـ توم 174 ـ بەت) ــ خاننىڭ يېنىدا ماڭىدىغان يېتەك ئات؛ قۇبا ئات (3 ـ توم 299 ـ بەت) ــ قوڭۇر قۇلا ئات، رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ قۇلا ئات (3 ـ توم 321 ـ بەت) ــ ئاچ قوڭۇر ئات؛ ئۇلدۇق ئات (1 ـ توم 136 ـ بەت) ــ تاقىسىز ئات؛ ئۇر ئات (1 ـ توم 63 ـ بەت) ــ ئۆرۈل ئات، رەڭگى توق قىزىل بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ ئۇزۇق ئات (1 ـ توم 90 ـ بەت) ــ ئۇزار ئات، بەيگە ۋە باشقا ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات؛ ئۆگ ئات (1 ـ توم 67 ـ بەت) ــ تۆت ياشتىن ئاشقان ئات؛ ئۆكۈش يىلقى (1 ـ توم 84 ـ بەت) ــ توسۇن هايۋان، ئىشقا يارىماس ئات؛ سەڭرەگۈ ئات (3 ـ توم 528 ـ بەت) ــ ماڭقا كېسىلى بار ئات؛ سىل ئات (3 ـ توم 184 ـ بەت) ــ سۇلەي ئات، يەمنى ئاز يەيدىغان ئات؛ تاز ئات (3 ـ توم 202 ـ بەت) ــ چىپار ئات؛ تىغ ئات (3 ـ توم 176 ـ بەت) ــ رەڭگى قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات؛ قاشقا ئات (3 ـ توم 173 ـ بەت) ــ قاشقىسى كۆزىگىچە يەتكەن، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات؛ تۇرلاق ئات (1 ـ توم 611 ـ بەت) ــ ئاجىز، ئورۇق ئات؛ تۇكۇز ئات (1 ـ توم 473 ـ بەت) ــ پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات؛ تۇم قارا ئات (1 ـ توم 440 ـ بەت) ــ تۇم تورۇق، تۇم قارا، توق قارا ئات؛ ئاق پاچاق ئات (1 ـ توم 440 ـ بەت) ــ ئاق قاشقىسى بار ئات؛ يابىتاق ئات (3 ـ توم 64 ـ بەت) ــ ئۈستىدە ئېگەر ـ توقۇم بولمىغان ياۋداق ئات؛ ياغىز ئات ــ رەڭگى قىزىل بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى ئات.

ئېگەر زادى قانداق ياغاچتىن ياسالغان بولغىيدى؟ گەرچە «دىۋان»دا بۇ هەقتە بىرەر سۆز ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى خېلى بۇرۇنلا ئېگەرنى خۇددى هازىرقىدەكلا قىيىن ياغىچى، ياڭاق ياغىچى، ئۆرۈك ياغىچى، ئاق تېرەك ياغىچى قاتارلىقلاردىن ياساشتىن باشقا، كۈمۈشتىن قۇيۇپمۇ ياسايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. «دىۋان»دا «ئېگەر كۆكلىدى» (3 ـ توم، 411 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ئالدى ئېگەر قىلىنىدىغان ياغاچنى ئويۇپ، ئالدى قاش، كەينى قاشلىرىنى ئېگەر قورسىقىغا يەملەپ، ياغاچ مىخ بىلەن قاداپ، ئاندىن قىرىم ياكى كۆن بىلەن كۆكلەپ، ئاندىن پەردازلاپ ياسايتتى.

ئات ياكى كالىنى هارۋىغا قاتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا كۆرپىچەك سېلىپ، ئۈستىگە كىچىك ئېگەر ـ لىڭگىچاق قويۇپ، ئاندىن هارۋا شوتىسىنىڭ تاسمىسى قويۇلىدۇ. ئات بويىنىغا بولسا بويۇنتۇرۇق (ئۇچىگە يېكەن تىقىپ ياسالغان كۆن بوغا ۋە ياغاچ بوغا) سېلىنسا، كالا بويىنىغا «سىياچىك» سېلىنىدۇ.



ئېگەر ـ توقۇم



خادىك


كۈمۈش ئېگەر


كىچىك ئېگەر


بوغا


ئېگەر


لەڭگەچاق


سىياچەك


جاۋەن (ياغاچ بوغا)

3. ئات كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش

ئات ئۇزۇن يوللارغا كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى، يۈك ئارتىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھەر خىل كېسەللەردىن، بولۇپمۇ يېغىر بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس ئىدى. مەھمۇد كاشغەري «دىۋان»دا: «ئۇ ئاتنىڭ يېغىرىنى داۋالىدى» (3 ـ توم 468 ـ بەت) دەپ ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇرۇشلاردىمۇ ئاتنىڭ رولى كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئاتنى ياخشى ئۇزۇقلاندۇرۇش بەلەنلا بولماي، ئاتلارنى جەڭگىۋار ھالەتتە ساقلاش ئۈچۈن، ئادەتتە ئاتلاردا بولىدىغان ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارغا چىقىپ قالىدىغان بەزى جاراھەتلەرنى خۇددى ئادەملەرگە چىققان جاراھەتلەرنى داغلاپ ساقايتقانغا ئوخشاش داغلاپ ساقايتاتتى. «دىۋان»دىكى بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى 11 ـ ئەسىردە مال دوختۇرلىرى بولغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. ئەمما، بۇ كەسىپنىڭ باشقا تېبابەتتىن ئايرىلىپ چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى جەزم قىلىش قىيىن. ئومۇمەن تېۋىپ ـــ otaqi (1 ـ توم 49 ـ بەت) ئادەتتە ئات داۋالاشنى بىلەتتى. شۇڭا، مەخسۇس ئات كېسەللىكىگە دائىر سۆز ـ ئاتالغۇلارنىمۇ «دىۋان»دىن ئۇچرىتالايمىز. ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەتكەن ئاتنىڭ گەجگىسىنىڭ يېغىر بولۇشىنى «گەجگىسى يېغىر ئات» (1 ـ توم 640 ـ بەت) دېسە، ئاتلاردا بولىدىغان بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدىغان بەز كېسىلى «ئەتلىكەن» (1 ـ توم 214 ـ بەت) دەپ ئاتىشاتتى. ئادەتتە ئاتنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇ-

راتتى. شۇڭا، ئاتقا «ئەندىز» (1 ـ توم 156 ـ بەت) دېيىلىدىغان بىر خىل يىلتىز بېرىلەتتى. «دىۋان»دا 11 ـ ئەسىردە خەلق ئىچىدە ساقلانغان «ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ يىلتىزىنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ» دەپ يازغان. ئات يەنە باشقا كېسەللەردىنمۇ خالىي بولالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئاتتىن قان ئېلىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاپ تۇراتتى. 11 ـ ئەسىردە كىشىلەر ئاتلىرىنى چەكتۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «چەكتۈردى» (2 ـ توم 258 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇ ئېتىدىن قان ئالدى» (3 ـ توم 357 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا ئات تۇياق كېسەلى بولۇپ قالغاندا، ئاتنى چەكتۈرۈپ، قۇلىقىغا «پىت» (1 ـ توم 420 ـ بەت) سېلىپ داۋالايدىغان ئۇسۇللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇسۇللار خەلقىمىز ئىچىدە 1980 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئات كۆكسىگە چىقىدىغان «چىلدەك» (1 ـ توم 623 ـ بەت)، يەنى چىقاندىن «سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ» دەپ داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئاتنى يىلان چېقىۋېلىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، «ئاتنى يىلان چاقتى» (2 ـ توم 27 ـ بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن يىلان چېقىۋالغان ئاتنى داۋالاش ئۇسۇلىدا توختالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئاتنى ئاختا قىلىش ھەققىدە كۆپ توختىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي پىچىۋېتىلگەن دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ، «پىچىپ تاشلانغان ئات» (1 ـ توم 510 ـ بەت)، «ئۇ قوزىنى پىچتى» (1 ـ توم 399 ـ بەت) دېگەن سۆزلەرنى يازغان. 11 ـ ئەسىردە ئاختا قىلىنغان ئادەمنى «پىچىۋېتىلگەن» (1 ـ توم 492 ـ بەت)، «ئاختا» دەيدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرگەن. لېكىن، ئادەمنى قانداق ئاختا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

11 ـ ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا ئاتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يەيتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «قېزا» (1 ـ توم 629 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ «يىلقىنىڭ قېزىسى ياغدۇر» (3 ـ توم 309 ـ بەت)، «تۈركلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغ مۇشۇ» دەيدۇ. ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ يېلىنىمۇ ئوخشاشلا «يېلىن» (3 ـ توم 28 ـ بەت) دېيىلەتتى. بايتالنىڭ بوغاز بولغىنىنى خۇددى ھازىرقىدەك «بوغاز بايتال» (1 ـ توم 639 ـ بەت) دەپ ئاتايتتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىندىكى خاتىرىلەر بىزنى ئاتنىڭ ئەينى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئات ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدا)

مۇنەۋۋەر مۇختەر

# «بوز كۆرپەش - قارا ساچ ئايىم»دا ئەكس ئەتكەن فونېتىكىلىق، ئېستىلىستىكىلىق گۈزەللىك توغرىسىدا

خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىرەر چوڭ ۋەقەدىكى تىپىك قەھرىمانىنى تەسۋىرلەيدىغان كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەردۇر. خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سۇژېت ۋە جانلىق شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەتكە دائىر كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ[1].

خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان لوپنور خەلق داستانلىرى، لوپنورلۇقلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تارىم ۋادىسىنىڭ پىنھانلىرىدا ياشاش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، لوپنور خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك كۆز قارىشى ۋە ئېھتىياجى بويىچە بۇ ئالاھىدە سەنئەت تۈرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لوپنور خەلق داستانلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېستىلىستىكىلىق گۈزەللىكى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نامايان قىلىنغان. بۇ گۈزەللىك ئالدى بىلەن داستان تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئېستىلىستىكىسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«بوز كۆرپەش - قارا ساچ ئايىم» داستانى لوپنور خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تۈپ مەزمۇن قىلغان، شەكىل جەھەتتىن شېئىرىي تىلغا تويۇنغان بىر داستان بولۇپ، داستان تىلىدا ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك ئېستىلىستىكىلىق ئامىللار، قوشاقلارنىڭ رىتىمدارلىقى، نەسرىي بايانلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى، داستان خاتىمىسىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

① مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 286 - بەت.

راتتى. شۇڭا، ئاتقا «ئەندىز» (1 ـ توم 156 ـ بەت) دېيىلىدىغان بىر خىل يىلتىز بېرىلەتتى. «دىۋان»دا 11 ـ ئەسىردە خەلق ئىچىدە ساقلانغان «ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ يىلتىزىنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ» دەپ يازغان. ئات يەنە باشقا كېسەللەردىنمۇ خالىي بولالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئاتتىن قان ئېلىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاپ تۇراتتى. 11 ـ ئەسىردە كىشىلەر ئاتلىرىنى چەكتۇرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «چەكتۇردى» (2 ـ توم 258 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ، «ئۇ ئېتىدىن قان ئالدى» (3 ـ توم 357 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق ئاتنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا ئات تۇياق كېسىلى بولۇپ قالغاندا، ئاتنى چەكتۇرۇپ، قۇلىقىغا «پىت» (1 ـ توم 420 ـ بەت) سېلىپ داۋالايدىغان ئۇسۇللارمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇسۇللار خەلقىمىز ئىچىدە 1980 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئات كۆكسىگە چىقىدىغان «چىلدەك» (1 ـ توم 623 ـ بەت)، يەنى چىقاندىن «سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ» دەپ داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئاتنى يىلان چېقىۋېلىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، «ئاتنى يىلان چاقتى» (2 ـ توم 27 ـ بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن يىلان چېقىۋالغان ئاتنى داۋالاش ئۇسۇلىدا توختالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئاتنى ئاختا قىلىش ھەققىدە كۆپ توختىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي پىچىۋېتىلگەن دېگەن سۆز ھەققىدە توختىلىپ، «پىچىپ تاشلانغان ئات» (1 ـ توم 510 ـ بەت)، «ئۇ قوزىنى پىچتى» (1 ـ توم 399 ـ بەت) دېگەن سۆزلەرنى يازغان. 11 ـ ئەسىردە ئاختا قىلىنغان ئادەمنى «پىچىۋېتىلگەن» (1 ـ توم 492 ـ بەت)، «ئاختا» دەيدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرگەن. لېكىن، ئادەمنى قانداق ئاختا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

11 ـ ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا ئاتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يەيتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «قېزا» (1 ـ توم 629 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن چىقىپ «يىلقىنىڭ قېزىسى ياغدۇر» (3 ـ توم 309 ـ بەت)، «تۈركلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغ مۇشۇ» دەيدۇ. ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ يېلىنىمۇ ئوخشاشلا «يېلىن» (3 ـ توم 28 ـ بەت) دېيىلەتتى. بايتالنىڭ بوغاز بولغىنىنى خۇددى ھازىرقىدەك «بوغاز بايتال» (1 ـ توم 639 ـ بەت) دەپ ئاتايتتى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىندىكى خاتىرىلەر بىزنى ئاتنىڭ ئەينى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئات ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدا)

مۇنەۋۋەر مۇختەر

# «بوز كۆرپەش - قارا ساچ ئايىم»دا ئەكس ئەتكەن فونېتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق گۈزەللىك توغرىسىدا

خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىرەر چوڭ ۋەقەدىكى تىپىك قەھرىمانىنى تەسۋىرلەيدىغان كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەردۇر. خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سۇژېت ۋە جانلىق شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ①.

خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان لوپنور خەلق داستانلىرى، لوپنورلۇقلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تارىم ۋادىسىنىڭ پىنھانلىرىدا ياشاش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، لوپنور خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك كۆز قارىشى ۋە ئېھتىياجى بويىچە بۇ ئالاھىدە سەنئەت تۈرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لوپنور خەلق داستانلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق گۈزەللىكى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نامايان قىلىنغان. بۇ گۈزەللىك ئالدى بىلەن داستان تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئىستىلىستىكىسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«بوز كۆرپەش - قارا ساچ ئايىم» داستانى لوپنور خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تۈپ مەزمۇن قىلغان، شەكىل جەھەتتىن شېئىرىي تىلغا تويۇنغان بىر داستان بولۇپ، داستان تىلىدا ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ئامىللار، قوشاقلارنىڭ رىتىمدارلىقى، نەسرىي بايانلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى، داستان خاتىمىسىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

① مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 286 - بەت.

«بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانى باشقا داستانلارغا ئوخشاشلا نەسىر ۋە نەزم تىلىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، نەسرىي بايانلاردىنمۇ بىر خىل كۈچلۈك ئىچكى رىتىمنى بايقاش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ نەزم قىسمى بولسا ئاساسەن يېنىك ۋەزىنلىك قوشاق شەكلىدە بولۇپ، كۆپ قىسمى ئالتە مىسرالىق، يەتتە بوغۇملۇق شەكلىدە كەلگەن، قىسمەنلىرى تۆت مىسرا، ئون بوغۇملۇق ياكى سەككىز مىسرا، ئون بىر بوغۇملۇق ھالەتتە كەلگەن. داستاننىڭ نەزم قىسمى ئاددىي ـ ساددا، ئاغزاكى جانلىق تىلغا ئەپچىل ماسلاشقان بارماق ۋەزنىدە ئىجاد قىلىنغان.

مەلۇمكى، تىل گۈزەللىكى مەزمۇندىكى گۈزەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە، تىلنىڭ مۇزىكىدارلىقى تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدىغان تاشقى گۈزەللىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مۇزىكىدارلىق «فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى» دېگەن نامدا تىلغا ئېلىنىدىغان، تىلنى يېقىملىق قىلىدىغان ھەر خىل فونېتىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ئاھاڭدارلىق ھەم رىتىمدارلىق بولۇپ، نۇتۇق گۈزەللىكىنىڭ تاشقى بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى ئىستىلىستىكىنىڭ بىر مۇھىم تارمىقى بولۇپ، تىلدىكى فونېتىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى ۋە ھېسسىياتنى تەسىرلىك، يۇمۇرلۇق، رىتىملىق، ئاھاڭدار، يېقىملىق قىلىپ ئىپادىلەشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى مەلۇم بىر قوۋمنىڭ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ئارقىلىق تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە ئېستېتىك زوقلىنىش سەۋىيەسى بىلەن تونۇشۇشتا قىممىتى زور بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەت قېزىلمىلىرىنى بايقاپ چىقىش كۆچەپ تەكشىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە، «بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانىنىڭ فونېتىكا جەھەتتە ھاسىل قىلغان ئىستىلىستىك ئۇنۇمىنى بىر قانچە كىچىك مەزمۇن بويىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز:

### 1. سەجئىي سەنئىتى

نەسرىي ئەسەرلەردە قاپىيە قوللىنىش «سەجئىي» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كەڭ قوللىنىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدىن نەۋايى قاتارلىقلار سەجئىي سەنئىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن: «تا تۈرك ئېلى تىلى ۋە فەساھەت دىققەتى ۋە بەلاغەت ۋە ۋۇسئەتىكى، ئول ھەزرەت بۇ تىل ۋە ئىبارەت بىرلە نەزم بىساتى تۈزۈپدۈرلار ۋە مەسىھا ئەنفاسى ۋە خىزىر زۇلالىدىن ئۆلۈك تىرگۈزمەك تەرىقىن ئالەم ئەھلىگە كۆرگۈزۈپدۈرلار، زاھىر قىلدىم ۋە خەيالىمغە مۇنداق كېلۈركىم، تۈرك ئۇلۇسى فەسىھلەرىغە ئۇلۇغ ھەقىقەت سابىت قىلدىمكى، ئۆز ئەلفاز ۋە ئىبارەتلەرى ھەقىقەتى ۋە ئۆز تىل ۋە لۇغەتلەرى كەيفىييەتىدىن ۋاقىف بولدىلار ۋە فارسگويلارنىڭ ئىبارەت ۋە ئەلفاز بابىدا تەئن قىلۇر سەرزەنىشىدىن قۇتۇلدىلار.»②

(مەن بۇ رىسالىدە ئۇ ھەزرەتنىڭ تۈرك خەلقى تىلى ئارقىلىق ئەڭ چوڭقۇر ئۇقۇم ۋە ئەڭ يۈكسەك پىكىرلەرنى قانداق ئىپادە قىلغانلىقى ھەم قانداق مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنىمۇ كۆرسەتتىم. ئويلايمەنكى، مەن تۈرك خەلقىنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدى ۋە پارسگويلارنىڭ تىل جەھەتتىكى تاپا ـ تەنىلىرىدىن قۇتۇلدى.)

ئۇنىڭدىن باشقا، سەجئىي سەنئىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن... (كۆپ قىسىم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باشلىنىش سۆزى)

---

② ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغاتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 101 ـ بەت.

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، تارىم مۇڭلىنىپ كۆزىنى ياشلىدى... ئۈچ ئەۋلادتىن تارتىپ لوپنور كۆلى ئەتراپىدا بايلارنىڭ پادىسىنى باققان تىلەك ئائىلىسىنىڭ كەنجى يىگىتى بۇلبۇل ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق، سەدەپتىن سۈزۈك، دىلى بەك نازۇك... سۆيگەن ۋاپادارى قىزىلگۈلدىن ئايرىلدى، قانات-لىرى قايرىلدى... (لوپنور خەلق داستانى «قىزىلگۈلۈم»)

«بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانىدا سەجئىي سەنئىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان بولۇپ، داستاننىڭ نەسرىي قىسمىدا قاپىيەلىك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس بولۇپ، بايلارغا بېقىنماي، كەمبەغەللەرگە چېقىلماي ئۆتكەن-كەن»، «چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش ۋە قىلىچۋازلىقتا ئەرلەرنىڭ پىرى، يىگىتلەرنىڭ شىرى ئىكەن».

«سەپەردە يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، قۇم دۆڭلىرىدىن ئېشىپ يېتىشىۋ دېگەن بىر يۇرتنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ».

«يۇرتتىكى كىچىك ـ چوڭ، پىششىق ـ توڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈشىدىكەن».

«ئۇنىڭ جېنىغا جان، ھالسىزلىقىغا دەرمان قوشۇلغاندەك بوپتۇ».

«بۇ خوتۇن قارىغانغا قاش، كېتىۋاتقانغا تاش ئېتىپ، بويلارنى بۇزۇپ، ئۆيلۈكلەرنىڭ ئۆيىنى تۇزۇ-تۇپ، كىشىلەرنىڭ يامان كۆزى، زەھەر سۆزىگە قالغان ئازغۇن ئىكەن»①.

2. ئاھاڭدارلىق

(1) تۇراق

تۇراق — نۇتۇقتىكى «پائۇزا»غا تەڭداش ئۇقۇم بولۇپ، شېئىرنىڭ مىسرالىرى ئارىلىقىدىكى قانۇن-يەتلىك توختاشنى كۆرسىتىدۇ. تۇراق بولسا شېئىردا ئاھاڭدارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئامىل. بار-ماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردا تۇراق سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مەنە پۈتۈنلۈكى بويىچە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

قاقىلداشقان / قاغىلار
يارىم سالام / دېدىمۇ؟
چوڭ يولنۇ چا / لىپ باقاي
ئۇۋدىن يانىپ / كەلدىمۇ؟
تاشلاۋەتتى / يوقلاماي
يا كۆڭلۈنۇ / بۇلدىمۇ؟

ئاتام ئۇۋغا / چىققاندا
بۇنچە ئادەم / ئالمايتى
ئانامغىمۇ، / ماڭىمۇ
دېمەي سەپەر / سالمايتى②.

(2) رىتىم

رىتىم — شېئىرىي نۇتۇقتىكى بىر خىل مىقداردىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىزچىل ۋە بىر ئۆلچەمدە

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، «بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانى، 214 — 253 ـ بەتلەر.

② «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 240 ـ بەت.

تەكرارلىنىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇتتۇقتىكى رىتىم تىلنىڭ مۇزىكىدارلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇتتۇقتىكى نىسپىي تەرتىپلىك پائۇزا ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يېقىملىقلىق ۋە ئاۋاز ئېستېتىكىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رىتىم ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. «رىتىم» دېگەن سۆز ئەسلىيدە گرېكچە «rhytomos» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى «ماسلىشىش»، «لايىقلىشىش» دېگەنلىك بولىدۇ. شېئىردا چوقۇم رىتىم بولىدۇ، ئەگەر شېئىردا رىتىم بولمىسا، ئۇنداق شېئىرنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. رىتىم ــ ھەرىكەتنىڭ قائىدىلىك ساداسى، ھادىسە، ھەرىكەت ۋە تاۋۇشلارنىڭ تەرتىپلىك ھالدا تەكرارلىنىشىدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئازادە ۋە شاد ـ خۇراملىق ھېسسىياتتىن كۆپىنچە يارقىن ۋە جانلىق رىتىم شەكىللىنىدۇ؛ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتىن ھەر دائىم جىددىي ھەم كۈچلۈك رىتىم ئىپادىلەنسە، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ھېسسىياتتىن ھامان ئاستا ۋە ئېغىر رىتىم ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، رىتىملاردىكى ئۆزگىرىشنى شېئىرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان ھېسسىياتىنىڭ دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاناڭ سەنى / پەرىزاتتەك / تۇغۇپتۇ،
تەقدىر خۇدا / سەنى ماڭا / بۇيرۇپتۇ.
ئايتىۋالاي / ئىككى ئاغىز / گەپىمنى،
خالىغا چىق / يارىڭ كۈتۈپ / تۇرۇپتۇ.

كۆرۈنۈسەن / ئايغا ئوخشاپ / جامالىڭ،
شامال بولۇپ / كېلىپ تۇرسا / سالامىڭ.
مەن غېرىبنى / ئويلارسەنمۇ، / ئاي گۈلۈم،
بىلسەم دەيمەن / كىمدە سەنىڭ / خىيالىڭ؟[2]

يۇقىرىدىكى مىسالدا دەسلەپكى ئىككى بۆلەك تۆت بوغۇمدىن، كېيىنكى بۆلەك ئۈچ بوغۇمدىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل رىتىم كېيىنكى جۈملىلەردىمۇ ئوخشاش تەكرارلانغان.

(3) قاپىيە

قاپىيە رىتىمنى كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خۇددى مۇزىكىنى پەدىگە كەلتۈرۈپ چالغاندەك، ئەسەرنىڭ ئاھاڭىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارغا ئېستېتىك زوق بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرىي ئۇتتۇقنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ۋاستىلىرى بولغان رىتىم ۋە قاپىيەلەر شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە مۇزىكىلىقلىقىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى سۈپىتىدە داستاننى باشقا نەسرىي ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

... ئەي مېنىڭ بوز كۆرپەش ئامرىقىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ ھۇزۇرى... سېنىڭ بىلەن بىللە ھايات كەچۈرسەم، دەريا بويلىرىدا بىللە قوي ـ كالا بېقىپ يۈرسەم، مەڭزىڭگە مەڭزىمنى يېقىپ يۈرسەم بەكمۇ قۇتلۇق بولاتتىم...[1]

يۇقىرىقى باياندىكى «نۇرى»، «ھۇزۇرى»، «كەچۈرسەم»، «يۈرسەم»، «بېقىپ»، «يېقىپ» قاتارلىق قاپىـ

① ژاڭ دېجۇن: «ئىستىلىستىكا لۇغىتى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 85 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 220 ـ بەت.

يەداش سۆزلەر داستان تىلىنى ئاھاڭدار قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۆگەن دەريا بويىنى،
گۈل تېرىپ بوستان ئېتەي.
تەنگە چۈشتى ئوت ـ كۆيۈك،
ئەمدى مەن قانداق ئېتەي؟
كەلىپ ھالىمنى سورا،
كەلگەن پۈتلۈرۈڭ كېتەي②.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «ئېتەي» ۋە «كېتەي» دېگەن سۆزلەر توق قاپىيەلىك سۆزلەر بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك مۇزىكىدارلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

توق قاپىيە ـ تويۇنغان قاپىيە بولۇپ، تىلدىكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولغان تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن قاپىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

قارا ساچ ئايىم، جەرەن كۆزۈڭدە قاراپ
ئوتۇڭ سالىپ ھالىمنى قىلدىڭ خاراب③.

يۈزى قارا، بۇرنى ئىلمەك، پاخماق ساچ،
سارمادادەك ئولتۇرادۇ كۆزى ئاچ.
گەپ قىلادۇ قېرى ئىتتەك خىرقىراپ،
يالغۇز ئۇچراپ قالسا ئۇندىن يىراق قاچ④.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا «قاراپ»، «خاراب» ۋە « ساچ»، « ئاچ»، « قاچ» قاتارلىقلار توق قاپىيەلىك سۆزلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاچ قاپىيە «بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانىدا كۆپ قوللىنىلغان. بۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، بېيىت ئېيتقۇچى قاپىيە كەلتۈرۈشتە بوغۇلۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئاچ قاپىيە توق قاپىيەگە قارىغاندا كەڭرەك بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەي بوز كۆرپەش، بوز يىگىت،
بىلەرسەنمۇ دەردىمنى؟
كۆيۈك ئوتۇڭ كۈل قىلدى
پۈتۈن بەدەن ـ تەنىمنى.
مەن ساڭا ئويناش بولاي،

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 249 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 221 ـ بەت.
③ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 220 ـ بەت.
④ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 224 ـ بەت.

قوۋاندۇر يۈرەكىمنى[1].
ساناسام بىر كام ئوتتۇز،
بۇ قامۇشنىڭ ئۇيەسى.
جىمى يەرگە يايىلغان
بوز يىگىتنىڭ سايەسى.
قاراسام كۆزۈم يەتمەس،
نەدە ئىكىن مەللەسى[2].

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا «دەردىمنى»، «تەنىمنى»، «يۈرەكىمنى» ۋە «ئۇيەسى»، «سايەسى»، «مەللەسى» قاتارلىقلار ئاچ قاپىيەلىك سۆزلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**3. تەكرارلاش**

مەلۇم بىر پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەلۇم بىر ھېسسىياتنى تەكىتلەش مەقسىتىدە، ئوخشاش بىر تاۋۇش، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ياكى جۈملە توپىنى قايتا ـ قايتا ئىشلىتىش تەكرارلاش دېيىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن مەلۇم بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى، تەكرارلىنىدىغان بىرلىك ئوخشاش تاۋۇش، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، شېئىرىي نۇتۇقتا قاپىيە، تۇراق ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ھوي باياغىل، باياغىل،
ئاداشتىڭمۇ ئەقلىڭدىن...[3]

ئەي خۇدا، قادىر خۇدا،
بىر كۆرسەتىپ كارامەت...[4]

تەكرارلاش ئادەتتە تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن ئۇدا تەكرارلاش ۋە ئارىلاپ تەكرارلاش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. داستاندا بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ھەر ئىككىسى قوللىنىلغان.

(1) ئۇدا تەكرارلاش

ئوخشاش بىر سۆز ياكى جۈملىنى ئارىسىغا باشقا تەركىب قىستۇرماي، ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلىتىش ئۇدا تەكرارلاش دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) ئارىلاپ تەكرارلاش

ئوخشاش بىر سۆز ـ جۈملىنى ئايرىپ، ئوتتۇرىغا باشقا تەركىبلەرنى قىستۇرۇپ تەكرارلاش ئارىلىق قالدۇرۇپ تەكرارلاش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەكرارلاش داستاندا بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

---

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 225 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 222 ـ بەت.
③ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 229 ـ بەت.
④ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 249 ـ بەت.

تورغاي، تورغاي، تورغايىم
خەتكە يازىلدى ھالىم...①

ھەي... ۋىيتىرەك، ۋىيتىرەك،
ماڭا بولغىن يار - يۆلەك...②

ئالىپ كەلسەڭ بەرسىنا
قىزلار تۇشەك سالسىنا
ياتقا زايا دىسەڭ سەن
ئۆزۈڭ ئالساڭ ئالسىنا
ئۆزۈڭ ئالساڭ ئالسىنا
قىزلاپ تۇشەك سالسىنا③

قارا ساچ ئاي، قارا ساچ،
ئۇخلاۋەرمە كۆزۈڭ ئاچ...④

سەندىن مەڭگۈ ئايرىلدىم
ئانا يۇرتۇم، ياخشى قال.

بىز كۆرگەن دەردنى كۆرمە،
يارۇ دوستۇم، ياخشى قال.
بىللە ئويناپ تەڭ ئۆسكەن
قوۋم - قېرىنداش، ياخشى قال...⑤

تەكرارلاش يەنە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تەكرارلىنىش تەرتىپىگە، يەنى سۆز ئىبارىلەرنىڭ نۇتۇقنىڭ قايسى ئورنىدا تەكرارلىنىشىغا قاراپ، باش تەكرار، ئاياغ تەكرار ۋە باش - ئاياغ تەكرار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

داستاندا ئاياغ تەكرارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل تەكرارلىنىش بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ گۈزەللىكى، شېئىرىي بوشلۇقنىڭ بىپايانلىقىغا قىلچە سەلبىي تەسىر بەرمىگەن، ئەكسىچە بىر پۈتۈن داستاننىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن:

يەتمىش يىللىق ئۆمرۈمدە،
كۆڭلۈم كۆلگەن كۈنۈم يوق.
پۇل - مال زور بۇ ئالەمدە،
ياخشىلارغا كۆرۈم يوق.
بىلمەمدىكىن خۇدايىم،
يامانلارغا ئۆلۈم يوق...⑥

ئاھلىرىم، پەريادلىرىم
گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقسۇن.
ۋاپالىق كۆيۈشكەنلەر
بەختىدىن ماغىز چاقسۇن...①

①«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 223 - بەت.
②«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 225 - بەت.
③«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 243 - بەت.
④«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 238 - بەت.
⑤«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 251 - بەت.
⑥«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 250 - بەت.

**4. تىركەش**

تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالدىنقى جۈملىنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى جۈملىنىڭ بېشىدا تەكرارلاپ، قوشنا ئىككى جۈملىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى چېتىشتۇرىدىغان، شەيئىلەرنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاسىتىنى كۆرسىتىدۇ. تەكرارلىنىدىغان تەركىبلەر بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن تىركەش دەپ ئاتالغان.

تىركەش ۋاسىتىسى ئىشلىتىلگەن جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى رەتلىك ۋە زىچ، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىق پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان تەسىرنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاتى كۆرپەش بولماسا
ئۆزى كۆرپەش تاپايمۇ؟
ئۆزى كۆرپەش بولماسا
زاتى كۆرپەش تاپايمۇ؟
ئاتى كۆرپەش تاپايمۇ
زاتى كۆرپەش تاپايمۇ؟[2]

ئاغزى ـ بۇرنۇڭ قاناپتۇ،
بۇغا بېسىپ يېدىڭمۇ؟
بۇغا گۆشى تاتلىق گۆش،
ماڭا ئالىپ كەلدىڭمۇ؟
ئالىپ كەلسەڭ بەرگىنا،
قېنى راست گەپ قىلغىنا[3].

يۇقىرىدىكى مىسالدىن بايقاش تەس ئەمەسكى، بۇ خىل ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان شېئىرلار ئوقۇرمەنلەرگە كۈچلۈك لىرىكىلىق تەسىر بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېئىرنىڭ مەنە قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىشكە پۇرسەت ھازىرلايدۇ، كۇپلېتلار ئارىسىدىكى بوشلۇقنى جىپسىلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل بىر بەدىئىي كارتىنا ھالىتىدە سەزگۈمىزدە زاھىر بولىدۇ. يەنە بۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلاردىكى چوڭقۇرلۇق ۋە كۇپلېتلارنىڭ سىيرىلىش كۈچى كۈچەيگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، تىركەشنىڭ ئىستىلىستىك رولىنى ئىككى نۇقتىدىن، يەنى ئەسەرنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن مەنە چوڭقۇرلۇقىنى ھاسىل قىلىشتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك تىل. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىدا بۇ خىل ئاھاڭدارلىق يالغۇز شېئىرىي ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، لوپنور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا شەكىللىرى، ئادەتتىكى نۇتۇق ۋە كىشىلەرنىڭ سالام ـ سەھەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مۇزىكىلىق گۈزەللىك، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك لوپنور خەلق داستانلىرىنىمۇ ئۆزگىچە تېتىملىقىقا ئىگە قىلغان.

فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى بىر قوۋم تىلىنىڭ مۇزىكىدارلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۆزنەكتۇر. «بوز كۆرپەش ـ قارا ساچ ئايىم» داستانىدىكى فونېتىكىلىق ئىستىلىستىك گۈزەللىك، مەزكۇر ماقالىدە خېلى تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ھەل قىلىنماي قالغان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاۋازلىق تىل ماتېرىيالى ئۈستىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر پۈتۈن ئاۋاز بۆلىكىنىڭ مۇزىكىغا قانچىلىك دەرىجىدە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىستاتىستىكا تۇر-

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 248 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 245 ـ بەت.
③ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 243 ـ بەت.

غۇزۇش مۇمكىنچىلىكى بولماي قالدى. ئەمما كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكلەرمۇ تولۇقلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

يىغىپ ئېيتقاندا، لوپنور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى ئارقىلىق هەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. لوپنور خەلق داستانلىرى تۈرلۈك فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە باي گۈزەل بىر جۇغلانما بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكەمەتۇل - لۇغاتەين»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى.
2. مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
3. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى، لوپنور قىسمى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى.
4. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
5. ۋاڭ دېچۇن: «ئىستىلىستىكا لۇغىتى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە)



توپلاپ رەتلىگۈچى: راجەم ئابدۇرېشىت

# رىۋايەتلەر

## بىكارغا ئاش بەرسە تۇزى كەمكەن دەپتۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا سالىم ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەش ئەزاسى بېجىرىم بولسىمۇ ئىش خۇشياقمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ بۇگۈنگە تاپسا، ئەتىنىڭ غېمىنى قىلماي، نەدە كۈنى ئۆتسە شۇ يەردە يۈرۈپ كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، سالىمنىڭ يېشى خېلى چوڭىيىپ قاپتۇ. يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بەش ئەزاسى بېجىرىم تۇرۇپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرۈۋېرىشىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك ئىسسىق تاماق، تەييار كىيىم ـ كېچەك بەرمەيدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن سالىمنىڭ كۈن ئالمىقى تەسلىششىكە باشلاپتۇ. ئۇ بىرەر ئىش قىلاي دېسە، ھېچقانداق ھۈنەر ئۆگەنمىگەچكە ھەر قانداق ئىشنى قامالاشتۇرالماپتۇ. ئاخىر سالىم جان بېقىش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. سالىم تىلەمچىلىك قىلغان بولسىمۇ، يۇرتتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا تۈزۈك سەدىقە بەرمەپتۇ. سالىم ئۆز يۇرتىدا تىلەمچىلىكنىمۇ ئاقتۇرالماي، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ.

سالىم تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ بىر يۇرتقا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر غېرىب مۇساپىرلارنى «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدا بەرگەن مېھمان» دەپ ئىنتايىن چوڭ كۆرىدىكەن. ھەر قانداق غېرىب ـ مۇساپىر كەلسە، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېھمان كەلگەندەك ئىززەتلەيدىكەن. لېكىن، بۇ يۇرتتا تۇز ئىنتايىن قىس بولۇپ، تۇزنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىتىدىكەن. تاماقلىرىنى تۇزسىز دېگۈدەك ئېتىدىكەن. سالىم بۇ يۇرتقا يېتىپ كېلىپ، سەدىقە تىلەپ كىرگەن تۇنجى ئۆينىڭ ئىگىسى سالىمنى كۆرۈپ:

— كەلسىلە، «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدا بەرگەن مېھمان» دەپتىكەن، باسقان ئىزلىرىدىن بەرىكەت ياغسۇن، — دەپ، خۇددى يىراقتىكى تۇغقىنى مېھمان بولۇپ كەلگەندەك ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىززەت- ئىكراملار بىلەن ئۆيىگە باشلاپتۇ.

سالىم بۇنداق ئىززەتلىنىشتىن ھەيران بوۋتۇ. ئۆي ئىگىسى سالىمنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، داستىخاننى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپتۇ ھەمدە سالىمنى نېمەتلەرگە بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. سالىممۇ بۇ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەندەك، نېمەتلەرنى بەھۇزۇر يەپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى سالىمنىڭ ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ. تاماقنى كۆرۈپ سالىمنىڭ ئىشتىھاسى باشقىدىن ئېچىلىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ قاچىنى قولىغا ئاپتۇ. سالىم تاماقتىن بىر كاپام يەپلا:

— بۇ تاماق شۇنچە ئوخشاپتۇ، لېكىن ئازراق تۇزى كەم بولۇپ قاپتۇ. بىرئاز تۇز بەرگەن بولسىلا، تائام تېخىمۇ لەززەتلىك بولغان بولاتتى، — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى بىر سالىمغا، بىر تاماققا قاراپ قويۇپ، گەپ قىلماي سالىمغا تۇز ئاچىقىپ بېرىپتۇ. سالىم تاماققا تۇز سېلىپ ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ. سالىم شۇ ھالەتتە ئۇ ئۆيدە ئۈچ كۈن مېھمان بوۋتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئۆي ئىگىسىنىڭ قوشنىسى كىرىپ:

— بۇرادەر، ئۆيىڭىزگە مېھمان كەپتۇ. مېھمان ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا ماڭىمۇ پۇرسەت بېرەرسىز؟ — دەپ يۇرتنىڭ قائىدىسى بويىچە سالىمنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ.

سالىم شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆيدە مېھمان بولۇشقا باشلاپتۇ. سالىم بۇ ئۆيدىمۇ ئۆي ئىگىسىدىن تۇز سوراپ ئېلىپ، تاماققا تۇز سېلىپ يەپتۇ. شۇ ھالەتتە سالىم بىر ئۆيدىن بىر ئۆيگە يۆتكىلىپ بۇ يۇرتتا خېلى ۋاقىت تۇرۇپ قاپتۇ. سالىم ئۆزىنى بىر مېھمان بىلىپ ئىززىتىنى ساقلاپ ۋاقتىدا كېتىشنى قىلچە ئويلىماپتۇ.

بىر كۈنى، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. سالىممۇ مېھمان قاتارىدا نورۇز بايرىمىغا قاتنىشىپتۇ. سالىم نورۇز ئېشىدىن بىر كاپام يەپلا:

— بۇ تاماق شۇنچە ئوخشاپتۇ، لېكىن ئازراق تۇزى كەم قاپتۇ. بىرئاز تۇز بولغان بولسا، بۇ ئاش تېخىمۇ لەززەتلىك بولاتتىكەن، — دەپتۇ.

نورۇز بايرىمى زىياپىتىنىڭ يىگىت بېشى سالىمنىڭ بۇ تەلىپىنى باشقىلاردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا، سەۋر قاچىسى تېشىپ:

— بىكارغا تاماق بەرگەندىكىن، تۇزى كەمكەن دېمەي جىممىدە يېسىلە بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

سالىم يىگىت بېشىنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى:

— بۇرادەر، بۇ يۇرتتىن تۇز چىقمىغاچقا تۇز بەك قىس، شۇڭا بىز تۇزنى بەك ئاز ئىشلىتىمىز، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

سالىم ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى مېھمان قاتارىدا كۆرگەن يۇرت ئەھلىدىن خىجىل بولۇپ، نورۇز بايرىمىنى تۈگىتىشكىمۇ تاقەت قىلالماي كېتىپ قاپتۇ. سالىم بۇ يۇرتتا بولغان ئىش، گەپ - سۆزلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «بىكارغا ئاش بەرسە تۇزى كامكەن دەپتۇ» دېگەن ماقال سالىمنىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغان ھەم بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە پىچان يېزىسىدىن: سادىق ئاخۇن)

## ئاسمانغا تۈكۈرسە يۈزىگە چۈشۈپتۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتنىڭ چېتىدە بىر بۆزچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى چوڭ يول بويىدا ئىكەن. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ خام توقۇۋاتقان موكىسىدىن «ئاسمانغا تۈكۈرسە يۈزىگە چۈشەر، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلار» دەپ چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ

ئىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاشۇ بوزچىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، چارە ـ ئامال ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ بوزچىنى ھوزۇرىغا مېھماندارچىلىققا چىللاپ، ئۇنىڭ يەيدىغان ئېشى، ئىچىدىغان چېيىغا زەھەر ساپتۇ. تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ. بوزچى بىر لېگەن پولۇنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— مەن ۋە مېنىڭ بالىلىرىم ھاياتىمىزدا بۇنداق ئېسىل پولۇنى يېمىگەن. شۇڭا، مەن پولۇنى بالىلىرىم بىلەن يېسەم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، «ھە، ئەمدى بوزچىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ئائىلىسىدىكى سەككىز جاننىڭ ھەممىسىنى بىراقلا جايلايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ھەم ئاشنى قاچىسى بىلەن داستىخانغا يۆگەپ بېرىپتۇ.

بوزچى يولدا كېتىپ بارسا، پادىشاھنىڭ ئەتىگەندە ئوۋغا چىقىپ كەتكەن ئىككى ئوغلى ئۇچراپتۇ. ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالاي دەپ قالغان بۇ ئىككى ئوغۇل:

— ئاشنى بىزگە بەر، — دەپ بوزچىدىن ئاشنى تارتىۋېلىپ يەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ بۇ ئىككى ئوغلى يول ئۈستىدە جان ئۈزۈپتۇ.

ئىككى بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ ۋە بوزچىنى ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ: «بۇنداق سەۋەبسىز ئۆلتۈرسەم يولسىزلىق بولغۇدەك، شۇڭا بىر سەۋەب تېپىپ ئاندىن ئۆلتۈرەي» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى پادىشاھ بوزچىنى چاقىرتىپ:

— سىز ناھايىتى تەدبىرلىك بوزچى، ھاۋاغا يەتتە قەۋەتلىك، يەتتە ئېغىزلىق ئۆي سېلىڭ، مەن قىرىق كۈندىن كېيىن ئۆينى تاپشۇرۇۋالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

بوزچى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ناھايىتى ئازابلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بوزچىنىڭ ئون ياشلىق ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. بوزچى ئەھۋالنى ئاشۇ قىزىغا ئېيتىپتۇ. قىزى:

— دادا، شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ يەتتە قەۋەتلىك، يەتتە ئېغىزلىق ئۆينى مەن سالاي، — دەپتۇ.

ئەتىسى قىز چۆل ـ جەزىرىگە بېرىپ، ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان، گەپ ئاڭلايدىغان يەتتە دانە ئەقىللىق قۇش بالىسىنى تۇتۇپ كەپتۇ. قىز بۇ قۇش بالىلىرىنى ئوبدان بېقىپ، ھەر كۈنى «خىش، خىش لاي، خىش لاي» دېگەن سۆزنى ئۆگىتىپتۇ.

مۆھلەت توشقان كۈنى پادىشاھ كېلىپ، بوزچىدىن:

— ئۆي پۈتتىمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شۇ چاغدا بوزچىنىڭ قىزى ئۆزى گەپ ئۆگەتكەن قۇش بالىلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قۇش بالىلىرى ئۇچۇپ چىقىپ:

— خىش، خىش لاي، خىش لاي، — دەپتۇ.

قىز قۇشلارنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ:

— پادىشاھ قارىسىلا، ئۆينىڭ ئالتە قەۋىتى پۈتتى، بىر قەۋىتى قالدى. تىڭشىسىلا، ئىشلەمچىلەر خىش، خىش لاي دەپ ئىش قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن خالايىق كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ خەلقئالەم ئالدىدا ھېچنېمە دېيەلمەي مات بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئاسمانغا توكۇرسە يۈزىگە چۈشۈپتۇ، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىپتۇ» دېگەن ماقال ئاشۇ پادىشاھنىڭ كەچمىشىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيەلىك مەدەنىيەت

يۇرتىدىن: ئابدۇغېنى ئىمىن)

## يالاقچى يالاپ تويىماس، غالچا غاجاپ

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتنىڭ يىراق بىر سەھراسىدا نەغمىم ئىسىملىك بىر بالا يالغۇز ئانىسى بىلەن كۈندىلىك يېمىكنى كۈندە تېپىپ يەپ، سېرىقتال كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قارا خورىزى بار ئىكەن. نەغمىم شۇ خورازنى سېتىپ، پۇلىغا ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ تاڭ قاراڭغۇسىدا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز توختىماي يول مېڭىپ، ئەتىسى چاي ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر دوقمۇشتا خورازنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. خوراز ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىپ، شۇ كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر باينىڭ قورۇسىدىكى توخۇلارغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ باينىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوش يەرنى بىر سودىگەر ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ سودىگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە باينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قېلىپ، بۇ يەردىن قوغلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ پەيتنى تاپسىلا بايغا خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ سودىگەر شۇ كۈنى نەغمىمنىڭ خورىزىنىڭ باينىڭ توخۇلىرىغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بايغا يالاقچىلىق قىلماقچى بوپتۇ.

نەغمىم بىر ھازادىن كېيىن چۆچۈپ ئويغانسا، خورىزى يوق. ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئاخىر ھېلىقى باينىڭ قورۇسىغا كىرىپتۇ - دە، خورىزىنى تونۇپ تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. سودىگەر يۈگۈرۈپ كىرىپ نەغمىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ۋاي باي ئاكا، توخۇغا ئوغرى كىردى، — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.

بايمۇ بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ. سودىگەر باينى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەدەپ:

— قارىسىلا، باي ئاكا، بۇ قارا خوراز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەسمۇ؟ تونۇمىغاندەكلا قارايلىغۇ؟ سىلىنىڭ قارىنىلىرى توق بولغاچقا، توخۇلىرىنىڭ رەڭگىرويى ھەم سانىغا دىگەندەك سەپسېلىپ كەتمەيدىلا، پېقىر سىلىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدا دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى. خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، مەن بۇ قارا خورازنى بەكمۇ ئوبدان تونۇيمەن، — دەپتۇ.

باي ھەيران بولۇپ تۇرغاندا سودىگەر يەنە:

— ھەي يالاڭتۆش گاداي، تەقسىرىمنىڭ شۇنچىۋالا مال - دۇنياسى تۇرۇقلۇق سېنىڭ بىر تال خورىزىڭغا نەزىرى چۈشەمتى؟ بۇ خوراز ئەسلى باي ئاكامنىڭ، — دەپتۇ.

باينىڭ چاكار - دېدەكلىرىمۇ بۇ ناھەقچىلىكنى كۆرۈپمۇ، ھەقنى سۆزلەشكە قۇربى يەتمەپتۇ.

بايمۇ بۇ كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ، ئۇ خۇشامەتچىنىڭ تەرىپىنى ئاپتۇ. نەغمىم ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇ خۇشامەتچىنىڭ ئېپلاس ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېدەل يوغىناپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىللىقتا داڭق چىقارغان بولۇپ، خەلق ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. پادىشاھ ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ ئەھۋالنى سوراپتۇ. نۆۋەت بايغا كەلگەندە، ھېلىقى سودىگەر پادىشاھقا يەتتە پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ، نەغمىمنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ يوغان توقىناق بالالارنى توقۇپ چىقىپتۇ. ئادىل پادىشاھ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى پەملەپتۇ - دە، نەغمىمدىن:

— ئوغلۇم، سەن خورىزىڭغا بۈگۈن ئەتىگەن قانداق دان بەرگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، مەن بۈگۈن ئەتىگەن خورىزىمغا دان بەرمىگەن، چۈنكى مەن كېچىچە يول يۈرۈپ سەھرادىن شەھەرگە كىرگەن، خورازغا تۈنۈگۈن ئاق قوناق بەرگەنىدىم، — دەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھ ئۇ سوئالنى بايدىن سوراپتۇ.

— مېنىڭ توخۇلىرىم ھەر ۋاقىت چاربۇغداي بىلەن بېقىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي كۆرەڭلەپ.

شۇنىڭ بىلەن، ئادىل پادىشاھ شۇ مەيداندىلا باينىڭ توخۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، نەغمىنىڭ خورىزى بىلەن بىللە بوغۇزلىتىپتۇ ۋە ھەممىسىنىڭ پوكىنىنى ياردۇرۇپتۇ. دېگەندەك نەغمىنىڭ خورىزىنىڭ پوكىنىدىن ئاق قوناق، باينىڭ توخۇلىرىنىڭكىدىن چار بۇغداي چىقىپ، ئىش ھەممىگە ئايان بوپتۇ. ئادىل پادىشاھ دەرھال باينىڭ كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كاسىسا - ساغرىلىرىغا ھەسەل سۈرتۈشنى، ھېلىقى سودىگەرگە ھەسەلنى پاكىز يالاپ تۈگىتىشنى بۇيرۇپتۇ.

باي خالايىق ئالدىدا ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ۋايىم يەپ، پادىشاھتىن گۇناھىنى تىلەپتۇ. ھەتتا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋەدە قىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر ئاسمان، يەر - زېمىننى گۇۋاھ قىلىپ مۇنداق ئىشنى قايتا قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. بىراق پادىشاھ ھۆكمىدىن يانماپتۇ. چاپارمەنلەر دەرھال باينى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭ ساغرا، كاسىسىغا ھەسەلنى تازا سۈرتۈپتۇ. خۇشامەتچى سودىگەر ھەسەلنى پاك - پاكىز يالاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئارىلىقتا توختاپ قالسا دەررە يەپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ پاكىز يالاپتۇ. سودىگەر يالاپ تۈگەتكەندىن كېيىن پادىشاھ:

— قانداق؟ يالاپ تويدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سودىگەر قورقۇپ كەتكەچكە:

— ياق، تويمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ:

— يالاقچى يالاپ تويماپتۇ، يەنە ھەسەل سۈرتۈڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

باينىڭ كاسىسا، ساغرىسىغا يەنە ھەسەل سۈرتۈپتۇ. سودىگەر قايتىدىن يالاشقا باشلاپتۇ. خالايىق پادىشاھنىڭ ئادىل ھۆكمىگە خۇشال بولۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ نەغمىگە يېتەرلىك پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. باي بىلەن سودىگەرنىڭ يۇرتتا تۇرۇشقا يۈزى چىدىماي، باشقا يۇرتقا سەرگەردان بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالاقچى يالاپ تويماس، غالچا غاجاپ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىسىدىن: سادىق ساۋۇت)

**ئەقىل — دۆلەت، كىيىم — سۆلەت**

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. شۇ يۇرتتا تۆت ئوغلى بار بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھال - ئوقىتى خېلى ياخشى ئىكەن. شۇڭا، ئوغۇللىرى بەگ باللىرىدەك ئېسىل كىيىنىپ، ياخشى يەپ ياشايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ ئادەمگە قېرىلىق يېتىپ، بېلى مۈكچىيىپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ۋاقىت - سائىتىنىڭ توشقانلىقىنى بىلىپ، ئىلكىدىكى مال - دۇنياسىنى ئوغۇللىرىدىن ئەقىللىق بىرسىگە مىراس قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. بوۋاي بىر كۈنى قايسى ئوغلىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، مەن قېرىدىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاراڭلاردىن بىرىڭلار ئائىلە باشلىقى بولۇشۇڭلار كېرەك. كىم ئەقىللىق ھەم دۆلەتمەن بولسا شۇ ماڭا ۋارىس بولۇپ، مال - مۈلكۈمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلىدى-

غانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ چىقىپ:

— ئەمدى ھەر قايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاڭلار، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ ئۈزۈكۈمنى كۆرگەن كىشى مېنى چوقۇم ئەقىللىك ۋە دۆلەتمەن، دەپ بىلىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئوغلىنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ:

— سەن بۇ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئۆز ئەقلىڭگە تايىنىپ تاپقانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

بوۋاي ئىككىنچى ئوغلىغا قاراپتۇ.

ئىككىنچى ئوغلى زەر چاپىنىنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ تورقۇمدا مېنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ھەقىقەتەن ئەقىللىك ۋە بايكەن دەيدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئىككىنچى ئوغلىدىنمۇ:

— سېنى سۆلەتكە ئىگە قىلغان بۇ چاپىنىڭنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇمۇ بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي تىرنىقىنى تاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بوۋاي ئۈچىنچى ئوغلىغا قاراپ:

— قېنى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقىللىك ۋە دۆلەتمەن ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ باققىن، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ ئۈچىنچى ئوغلى گۆھەر قادالغان كۈمۈش كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، كۆرەڭلەپ تۇرۇپ:

— ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئادەم بېلىگە بۇنداق كۈمۈش كەمەرنى باغلىغان ئەمەس، مەن ئەقىللىق بولغاچقا مۇنداق نەرسىلەرنى ساقلىيالايمەن، — دەپتۇ.

— سەن ئۇنى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن تاپقانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قىزارغىنچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ.

بوۋاي بىر چەتتە تۇرغان كەنجى ئوغلىغا قاراپ:

— ھەي ئوغلۇم، سەن ئۆزۈڭدىكى ئەقىل ۋە بايلىقنى كۆرسەتمەمسەن؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىغا قاراپ قويۇپ:

— مەندە ئاكىلىرىمنىڭكىگە ئوخشاش ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكمۇ، زەر باسقان چاپانمۇ، كۈمۈش كەمەرمۇ يوق. مەندە پەقەت ئەمگەك قىلالايدىغان بىر جۈپ قول ۋە ئاتا - ئانامغا سادىق يۈرەك ھەم ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقىل بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوۋاي كەنجى ئوغلىنىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوغۇللىرىغا :

— ئەقىل تۈگەپ قالمايدۇ، كىيىم - كېچەك كونىرىسا يىرتىلىپ تۈگەيدۇ، ياقۇت - گۆھەرلەرمۇ ئوغرى ئالسا يوقاپ كېتىدۇ. بىراق ئەقىل ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ، ئوغرى ئالالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەقىلنىڭ دۆلەت، كىيىمنىڭ سۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇڭلار، شۇڭا ئۇكاڭلار ھەممىدىن ئەقىللىك ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىگۈدەك. سىلەر ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمىساڭلار ئىشىڭلار روناق تاپىدۇ، — دەپ بارلىق بىساتىنى كەنجى ئوغۇلغا مىراس قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىش قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەقىل — دۆلەت، كىيىم — سۆلەت» دېگەن ماقال ئاشۇ بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

### ئەقىللىق ئادەم دۆۋنى قورقىتار

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا نەغمەت دەپ بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئەقىللىك ھەم چېۋەر ئىكەن. لېكىن، نەغمەتنىڭ بالىلىرى كۆپ بولغاچقا تۇرمۇشى نامراتچىلىقتا ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ قول ئىلكىدە پەقەت بەش ئۆچكىسى بار ئىكەن.

نەغمەت بوۋاي بىر كۈنى بەش ئۆچكىسىنى بېقىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتسا، ئالامەت يوغان بىر دۆۋە يەر - جاھاننى تىترىتىپ تۆگىدەك تاشلارنى ئوينىتىپ، ئىككى بالىسى بولسا قازاندەك تاشلارنى ئېگىز - پەس تاشلاپ ئويناپ كېلىۋاتقۇدەك. نەغمەت بوۋاي دۆۋىلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ «ئۆلسەممۇ رىيازەت چەكمەيلا ئۆلەي» دەپ ئورنىدىن قوزغالماي، بەخىرامان يېتىۋېرىپتۇ. دۆۋە ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي بوۋاي، سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەغمەت بوۋاينىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، تىلى كالۋالىشىپ، دۆۋىگە ئالايغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان ئۆزۈڭ كىم ئىدىڭ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

نەغمەت بوۋاينىڭ بۇ سۆزىدىن دۆۋە تېگىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— راستىلا سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي دۆۋىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىن بىر ئوي كېچىپتۇ - دە:

— بىلمىسەڭ ئەمدى بىلىپ قوي، ئادەمنىڭ ھۇسى مانا مەن بولىمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاتا - بالا دۆۋىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشىپتۇ. شۇنداقتىمۇ نەغمەت بوۋاينىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ:

— ھۇ ئاكا، ئۇنداق بولسا كۈچىڭىزنى بىر كۆرسەتسىڭىزچۇ، تاماشا بولسۇن، — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي ئاچچىقلانغان قىياپەتتە:

— سەن كۆرسەت دېگەنگە كۆرسىتىدىغان مەن سېنىڭ قولۇڭمىدىم؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەگەر سەن باتۇر بولساڭ كۈچ سىنىشايلۇق دېمەمسەن؟ قۇتلۇق چارشەنبە كۈنى مۇشۇ يەرگە كەلگىن، ئاڭغىچە چولام تەگمەيدۇ، كۈچ سىنىشىدىغان باشقا بالىلارمۇ بار! كەلمەي قالما يەنە، — دەپ ئەسنەپ قويۇپ يېتىپتۇ.

دۆۋىلەر دېيىشكە سۆز تاپالماي ھودۇقۇپتۇ. بىر ئاز ھوشىنى تاپقاندىن كېيىن چوڭ دۆۋە:

— خوپ، ھۇ ئاكا، قۇتلۇق چارشەنبە كۈنى مۇشۇ جايدا كۆرۈشەيلى، — دەپتۇ - دە، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ.

دۆۋىلەرنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، نەغمەت بوۋاي بەش ئۆچكىسىنى ھەيدەپ كەپسىگە قايتىپ كەپتۇ. نەغمەت بوۋاي دۆۋىدىن بىر نۆۋەت قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە كەلگىن، دېگىنىگە پۇشايمان يەپ، قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قاپتۇ. ئۇ بولغان ۋەقەنى مومىيغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەپ كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاخىر قايغۇرۇپ، قاقشاۋاتقان مومايغا تەسەللى بېرىپ:

— تولا قايغۇرۇپ كەتمە، موماي، بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپتىم. مەن بىر قاپاق قېتىق بىلەن ئۆتكەن كۈنى بۆرە يەپ كەتكەن ئوغلاقنىڭ ئۈستىخىنىنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈپ قوياي، دۆۋە كەلگەندە كۈچ سىنىشىشنى مۇشۇلاردىن باشلاپ، «يەرنىڭ مېڭىسىنى چىقىرىپ، ئۈستىخىنىنى سۇندۇرغىن» دەي. ئۇ جەزمەن بۇ شەرتنى ئورۇنلىيالمايدۇ. مەن قېتىق بىلەن ئوغلاقنىڭ ئۈستىخىنى كۆمۈلگەن يەرنى تېپىپ - تېپىۋې-

تىپ: «يەرنىڭ مېغىزىنى مانا مۇنداق چىقىرىدۇ، ئۈستىخىنىنى مانا مۇنداق سۇندۇرىدۇ، دەرمانىڭ يەتمىگەندىن كېيىن، شۇ ئەھۋالىڭغا كۈچ سىنىشىشنى ساڭا كىم قويۇپتۇ، ئۆزىنى چاغلىمىغان ھالاك بولىدۇ دېگەن مانا شۇ - دە، بويىنۇڭنى چۈجىنىڭ بويىنىدەك ئۈزۈۋېلىپ، قېنىڭنى سۇدەك چاچرىتايمۇ سېنىڭ» دەپ دىۋىگە راسا ۋاقىرايمەن، — دەپتۇ.

مومای نەغمەت بوۋاينىڭ تاپقان ئەقلىگە قايىل بوپتۇ. نەغمەت بوۋاي دېگىنى بويىچە دىۋە بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرگە كېلىپ تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈچ سىلىشتۇرىدىغان قۇتلۇق چارشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. نەغمەت بوۋاي ئۆز ئەقلىگە ئىشىنىپ ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۆز ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا، ئازراق چاندۇرۇپ قويسىلا تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلىپ قورقۇپ مېڭىپتۇ. قورققىنىدىن تۈز يەردە نەچچە پۇتلىشىپ، نەچچە يىقىلىپ قوپۇپتۇ. نەغمەت بوۋاي بىر قېتىم يىقىلغاندا قولىغا بۆرە يەپ كەتكەن ئوغلاقنىڭ قۇيرۇقى قولىغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ «لازىم بولۇپ قالار» دەپ، ئوغلاقنىڭ قۇيرۇقىنى قولتۇقىغا تىقىپ مېڭىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئاز مېڭىپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پۇتلىشىپ يەنە يىقىلىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىغا چاڭگىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان تورغاي چۈشۈپتۇ. نەغمەت بوۋاي: «بۇمۇ لازىم بولۇپ قالار» دەپ تورغاي بىلەن تۇخۇمىنىمۇ قوينىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. نەغمەت بوۋاي تەييارلىق كۆرۈپ قويغان يەرگە بارغان بولسىمۇ دىۋە كەلمەپتۇ. ئۇ سەل ساقلاپ كەينىگە يانماقچى بولغاندا دىۋە يېتىپ كەپتۇ. نەغمەت بوۋاي دىۋىنى كۆرۈپ ئاچچىقلىنىپ:

— مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ سەندىن باشقا كۈچ سىنىشىدىغانلارمۇ بار دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسەن، بوپتۇ، ۋاقتىدا كەلمىگەن بولساڭمۇ سەن بىلەن بىر سىنىشىپ كۆرەي، قېنى دىۋە، باشلىغىن! يەرنى راسا تېپىپ ئۇنىڭ مېغىزىنى چىقىرىپ، ئۈستىخانلىرىنى سۇندۇرغىن، — دەپتۇ.

دىۋە نەغمەت بوۋاينىڭ ئاچچىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ يەر، بۇ يەرنى تېپىپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇ. بىراق ھېچنەرسە چىقىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەغمەت بوۋاي دىۋىگە ئالىيىپ قاراپ، قېتىق بىلەن ئوغلاقنىڭ ئۈستىخىنى كۆمۈلگەن يەرنى تېپىشكە باشلاپتۇ - دە، قېتىق قاچىلانغان قاپاقنى تېپىپ پاچاقلىۋېتىپ:

— مانا، يەرنىڭ مېغىزىنى مانا مۇنداق چىقىرىدۇ، ئۈستىخىنىنى مانا مۇنداق سۇندۇرىدۇ، سېنىڭ يەنە كارامىتىڭ بارمۇ ؟ — دەپتۇ.

دىۋە قورقۇپ تۇرۇپ:

— كۈچ سىلىشتۇرۇشتا بىرلا تەرەپ شەرت قويسا بولمايدۇ، مەنمۇ شەرت قويۇپ باقسام قانداق؟ — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.

دىۋە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بىز ئۆزىمىزنىڭ تۈكلىرىنى كۆرسىتىشىپ باقايلى، — دەپ قولتۇقىدىن بىر تۇتام تۈكىنى يۇلۇپ چىقىرىپتۇ. تۈكلەرنىڭ ھەر بىر تېلى سىنچىلاق قولدەك بار ئىكەن. نەغمەت بوۋاي بۇنى كۆرۈپ:

— شۇنىمۇ تۈكۈم بار دەپ چىقاردىڭمۇ؟ تۈك دېگەن مۇنداق بولمامدۇ، — دەپ كۆچەپ تارتقان بولۇپ، قوينىغا تىقىۋالغان ئوغلاقنىڭ قۇيرۇقىنى چىقىرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ دىۋىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، ئادەم بېشىدەك بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ:

— بىز تاش ئېتىشىپ باقايلى، — دەپ ئاسمانغا قارىتىپ تاش ئاتقانىكەن، تاش بىر ئاش پى-

شىم ۋاقىتتىن كېيىن يەرگە چۈشۈپتۇ. تاش چۈشكەندىن كېيىن، نەغمەت بوۋاي يەردىن تاش ئالغان بولۇپ، قويندىكى تورغاينى ئېلىپ، بىر ئاتقانىكەن، تورغاي ۋىچىرلىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. دۇۋە تورغاينىڭ ۋىچىرلىغىنىغا ھەيران بولۇپ:

— ۋاي ھۇ ئاكا، ئاتقان تېشىڭ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەغمەت بوۋاي چاندۇرماي:

— مەن نەگە چۈشۈپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەيمەن، دەپ يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

دۇۋە تېخىمۇ قورقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بىر تۇپ قۇرۇق توغراقنى كۆرۈپ:

— ھۇ ئاكا، ئەمدى مۇشۇ قۇرۇق توغراقتىن سۇ چىقىرىشىپ باقساق بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي دۇۋىگە ماقۇل بولۇپ قاراپ قويۇپتۇ. دۇۋە توغراقنى كۆچەپ سىققانىكەن، توغراقنىڭ غولىدىن تاراملاپ سۇ ئېقىپتۇ. دۇۋە توغراقنى سىقىشنى توختىتىپ، نەغمەت بوۋايغا قاراپتۇ. نەغمەت بوۋاي يەردىن بىر توغراق شېخىنى ئالغان ۋاقىتتا چاندۇرماي، قويندىكى تورغاي تۇخۇمىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇ تۇخۇم بىلەن توغراق شېخىنى قوشۇپ سىققانىكەن، تورغاينىڭ تۇخۇملىرى مىجىلىپ، نەغمەت بوۋاينىڭ قوللىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دۇۋە تىترەشكە باشلاپتۇ. نەغمەت بوۋاي بۇنى كۆرۈپ:

— ھەي ئۆزۈڭنى چاغلىمىغان ئەخمەق، شۇ ھالىڭغا مېنى ئاۋارە قىلدىڭمۇ؟ جايىڭدا تۇرغۇزۇپلا بويىنۇڭنى چۈجىنىڭ بويىندەك ئۈزۈپ، قېنىڭنى سۇدەك چاچرىتايمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

دۇۋىلەر ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. نەغمەت بوۋاي خۇشاللىقىدا ئۆزىمۇ بىلمەي قاقاھلاپ كۈلۈپ سايتۇ. دۇۋىلەر ئۇنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خېلى يىراققا بېرىپ توختاپتۇ. دۇۋە جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بوپتۇ. دۇۋە قايتىدىن نەغمەت بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىر ئۇقۇشماسلىق بولدى، ھۇ ئاكا، كەچۈرسىڭىز! مۇشۇ ئەيىبىم ئۈچۈن مەن ناماقۇل بولاي، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولۇپ قايتسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

نەغمەت بوۋاي ساقىلىنى سىيلاپ سەل ئويلىنىپ:

— خەير، بارمىسام بولماس. كېلەر چارشەنبە كۈنى باراي، — دەپتۇ.

چارشەنبە كۈنى دۇۋىلەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ پاي - پېتەك بولۇشۇپتۇ. دۇۋىنىڭ باللىرى ھېلىقى قازاندەك تاشلارنى ئاسمانغا ئېتىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ. نەغمەت بوۋاي يولدا بىر قانچە قېتىم ھاردۇقىنى ئېلىپ، ئاخىر دۇۋىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر دۆڭنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ. ئۇ «بىر ھازا دەم ئېلىپ قالغان يولنى دەم ئالماي تۈگىتىۋالسام بولاتتىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

نەغمەت بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ دۇۋىنىڭ ئۆيىگە يېتەي دېگەندە، دۇۋىنىڭ ئىككى بالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھۇ ئاكا، مۇنۇ تاشنى سىزمۇ ئاسمانغا ئېتىپ بېقىڭە، — دەپتۇ.

— قويۇڭلار، شوخلۇق قىلماڭلار، — دەپتۇ نەغمەت بوۋاي ئۇلارغا.

دۇۋىنىڭ باللىرى ئۇنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىغاندىن كېيىن، نەغمەت بوۋاي كۆزلىرىنى ئالايتىپ، بىر دۇۋىنىڭ ئۆيى تەرەپكە، بىر ئاسمانغا قاراپتۇ. دۇۋە ئىشىكتىن كۆرۈنگەن ھامان، نەغمەت بوۋاي يەڭلىرىنى تۈرۈپ، يەردە ياتقان بىر تاشقا تايىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي كۈن، كۆزۈڭنى يۇم، ئاي سەنمۇ كۆزۈڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىراپتۇ. دۇۋە بۇنى ئاڭلاپ ئېتىلىپ كېلىپ، نەغمەت بوۋاي تايىنىپ تۇرغان

تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ:

— ھۇ ئاكا، سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ! بالىنىڭ سۆزىگە كىرىپ سىزمۇ بالىلىق قىلماڭ، — دەپ ئارىغا چۈشۈپتۇ. نەغمەت ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلغان بولۇپ توختاپ قاپتۇ.

دىۋە نەغمەت بوۋايغا ھۆرمەت بىلەن زىياپەت بېرىپ بولۇپ، ياتىدىغان ۋاقىت بولغان چاغدا:

— قېنى خوتۇن، مېھمانغا ئورۇننى يۇمشاقراق سال، — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي دىۋە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، دىۋىنىڭ خوتۇنىنىڭ بالىلىرىغا پىچىرلاپ: «قورۇقلار، ئاۋارە بولماڭلار، بىر بالاغا دۇچار بولىسىلەر» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. دىۋە بالىلىرى ئانىسىنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن، پىچاق، مىسران قىلىچلىرىنى بىلەشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن نەغمەت بوۋاي دىۋىگە:

— ماڭا ئورۇننى يۇمشاق ئەمەس، قاتتىق قىلىپ سالغىن، مەن تالادا ياتىمەن، — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاينىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇن تالاغا سېلىنىپتۇ. نەغمەت بوۋاي باشقىلارنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدا، نېرىراق يەردە تۇرغان كۆتەكنى ئورنىغا ئەپكېلىپ، ئۇنى ئوبدان چۈمكەپ قويۇپ، ئۆزى بىر دالدىغا مۆكۈنۈۋاپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن، دىۋە بالىلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار نەغمەت بوۋاي ئورنىغا چۈمكەپ قويغان كۆتەكنى كېسىپ چاناپ بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. دىۋىنىڭ ئۆيىدىن پىچىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي ئورنىغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر-خوتۇن دىۋە: «بالىلىرىمىز ئاخىر بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇردى» دېيىشىۋاتقاندا، نەغمەت بوۋاي يۆتىلىپ، خىرىلداپ ئويغىنىپتۇ. دىۋىنىڭ خوتۇنى نەغمەت بوۋاينىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ۋاي تۇۋا، كاساپەتلەر گەپكە كىرمەي... مانا ئەمدى خانىۋەيران بولىدىغان بولدۇق، — دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەغمەت بوۋاينىڭ:

— ھەي دىۋە، بېرى كەل، — دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

نېمە قىلارىنى بىلمىگەن دىۋە ئىشىكتىن يېنىچە چىقىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا نەغمەت بوۋايغا يېقىن كېلەلمەي شۈمشىيىپ تۇرۇپتۇ:

— ئوبدان ئۇخلاپ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ھۇ ئاكا، — دەپتۇ ئارانلا.

— ئوغلاق-قوزىلىرىڭنى بوش قويۇۋېتىپسەن، كېچىچە ئۇخلاتماي ئۈستۈمدە سەكرىشىپ ئويناپ چىقتى، — دەپتۇ نەغمەت بوۋاي.

— گۇناھكارمىز، بىلمەي قاپتىمىز، ھۇ ئاكا، ھەي خوتۇن، ھەي خوتۇن سەن زادى ئوڭشالمايسەن، مالنىمۇ كېچىسى بوش قويۇۋېتەمدىغان؟ — دەپ ئايالىنى جىملىگەن بوپتۇ دىۋە. نەغمەت بوۋاي قايتىش ئالدىدا، دىۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتنىڭ بېشىدەك ئالتۇننى قويۇپ:

— ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن بۇنى ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلارسىز، — دەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك مادارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەچكە يەنە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ:

— ھەي دىۋە، سەن قائىدە-يوسۇننى بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەسكەنسەن. ھۆرمەتلىگەنلىكىڭگە رازىمەن. ئەمما، گويا يەردىن يەتتە توشقان تاپقاندەك، مۇنۇ نەرسەڭنى ئۆزۈمنىڭ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىشىم مېنىڭ ئادىتىمگە سىغمىگەن. ھەدىيەڭنى ئۆزۈڭ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتسەڭ قوبۇل قىلاي، بولمىسا مۇشۇ يەردە قالسۇن، — دەپتۇ.

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ ھۇ ئاكا، بۇ... بۇ مۇنداقلا، ھە... رازىلىقىڭىزنى ئالساق دېگەندۇق. ئۆزۈممۇ ئىشىكىڭىزنىڭ بوسۇغىسىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى ئىدىم، — دەپتۇ دىۋە.

— ھە، مانا مۇنداق دېمەمسەن، ئەسلى ئىشىنىڭ يولىمۇ شۇغۇ، — دەپتۇ نەغمەت بوۋاي.

دىۋە ئالتۇننى كۆتۈرۈپ، نەغمەت بوۋاينى پاتتىڭغا مىندۈرۈپ، نەغمەت بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ.

نەغمەت بوۋاي دىۋىنى ئۆيىگە باشلاپ:

— مۇنۇ دىۋە ئاران بىر كەلگەندە ئوبدانراق مېھمان قىلىپ قايتۇرايلى، موماي، دەرھال قازاننىڭنى ئاس، — دەپتۇ. مومايىنىڭ ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن نەغمەت بوۋاي ئۇنىڭغا يەنە:

— قوپ ئورنۇڭدىن، چاپسان بول، ئاۋۇ كونكى دىۋىنىڭ بېشىنى پىشۇرغىن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دىۋىنىڭ ئىككى كۆزى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا ئەلەڭلەپ قاراپتۇ. شۇنداقتىمۇ موماي ئورنىدىن قوزغالماپتۇ.

— ئانداق بولسا، ئاخىرقى دىۋىنىڭ تۆشىنى پىشۇر، — دەپتۇ بوۋاي.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دىۋىنىڭ ئىككى كۆزى چاناقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قاپتۇ.

موماي قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

— ئەگەر پىشۇرۇشقا گۆشۈڭ بولمىسا، نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن؟ مۇشۇ دىۋىنىڭ ئۆزىنى پىشۇر، — دەپ ۋارقىراپتۇ نەغمەت بوۋاي. بۇ چاغدا موماي ئورنىدىن تورۇشقا تەمشىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. دىۋە پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي قېچىپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغا بىر تۈلكە ئۇچراپتۇ. تۈلكە دىۋىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئۇنى توختىتىپ:

— نېمىگە ھودۇقۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، ئەزىزىم، بىر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ، ئادەمنىڭ ھۇسى دەيدىغان بىر مەخلۇققا دۇچار بولۇپ قېلىپ، ئاران دېگەندە قېچىپ قۇتۇلدۇم، — دەپتۇ دىۋە.

— ئۇ نەدىن كەلگەن ھۇ ئىكەن؟ مۇنۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان بوۋاي بىلەن موماي بولمىسۇن يەنە؟ — دەپتۇ تۈلكە.

— ھە، دەل شۇ، — دەپتۇ دىۋە.

— «قورقىقانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەن سۆز راست ئىكەن ـ دە، شۇنىڭدىن قورقۇپ يۈگۈرگىنىڭنى قارا سېنىڭ، مەن ئۇنىڭ بەش ئۆچكىسىنىڭ سۈتىنى ئۆزىگە ئىگە قىلغۇزمايمەن. يۈرگىن، ئۆچۈڭنى راسا بىر ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ تۈلكە. دىۋە تۈلكىگە ئەگىشىپ كەينىگە قايتىپتۇ. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي:

— ھە، سەن ھارامزادە تۈلكە ئۇزاقتىن بۇيان تۆلىيەلمەي كەلگەن قەرزىڭدىن بىراق قۇتۇلاي دەپ بۇ دىۋىنى تۇتۇپ كەلدىڭمۇ، بوپتۇ، بىرسى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دەپ قولىغا ئارىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەپتۇ.

دىۋە بۇنى كۆرۈپ: «قۇۋ تۈلكە مېنى ئالداپ ئەپكېلىپ قەرزگە تۇتۇپ بەرمەكچىكەن ـ دە» دەپ ئويلاپ، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. دىۋە شۇ قاچقانچە كوھىقاپقا كېتىپ، قايتا ئادەمزات ئارىسىغا كەلمەسلىككە قەسەم ئىچىپ، شۇ يەردە ياشاپتۇ. نەغمەت بوۋاي ئەقلىگە تايىنىپ، ياۋۇز دىۋىدىن ۋە ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان قۇۋ تۈلكىدىنمۇ بىر يولى قۇتۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، نەغمەت بوۋاي دىۋە ئەكېلىپ بەرگەن ئالتۇن بىلەن باي بولۇپ، تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق باي بولغانلىقىنى سوراشقانىكەن، نەغمەت بوۋاي دىۋە بىلەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يۇرت ئەھلى نەغمەت بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەقىللىك ئادەم دىۋىنى قورقىتىدىكەن ـ دە، — دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكاـ

يەت بولۇپ تارالپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئەقىللىق ئادەم دۇنىنى قورقىتار» دېگەن ماقال ئاشۇ نەغمەت بوۋاينىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ساتتار توختى)

ئاسمان ئۆرۈلۈۋاتسا، پۇتۇڭنى سوندۇكتەك ئاسمانغا تۇتۇپ ياتامسەن؟

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئۇچار قۇشلارمۇ ئادەمدەك سۆزلەيدىغان ۋاقىتلاردا، ئۇچار قۇشلار دۇنياسىدا سوندۇك ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە چېۋەر ھېسابلايدىكەن. شۇڭا، باشقا ئۇچار قاناتلارنى كۆزگە ئىلماي، ھەممە يەردە چوڭ سۆزلەپ يۈرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتكەنچە سوندۇك تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. سوندۇكنىڭ بۇ ئىشىغا ئۇچار قاناتلارنىڭ تاقىتى تاق بوپتۇ. شۇڭا، ئۇچار قاناتلار سوندۇكنى بىر سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىقان بىر كۈنى ئۇلار توپلىشىپ سوندۇكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ:

— سوندۇك بېگىم، ھازىر ئاسمان يېرىلىپ كېتىپتۇ، پات يېقىندا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە ھەممىمىز تۈگىشىمىز، ئۆزلىرى كۈچلۈك ۋە چېۋەر بولغاندىكىن، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بەرسىلە، — دېيىشىپتۇ.

سوندۇك قۇشلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «راست ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپتۇ. لېكىن قىلچە چاندۇرماي:

— ھەممىڭلار ئەخمەق ئىكەنسىلەر، غوجا ئاكاڭلار تۇرغان يەردە ئاسمان بىزنى باسالمايدۇ. مەن ئاسماننى ئىككى پۇتۇم بىلەن يۆلىۋالىمەن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپتۇ، ئۇچار قاناتلار سوندۇككە:

— قېنى سوندۇك غوجام، ئەنە ئاسمان ئۆرۈلۈۋاتىدۇ، چاپسان يۆلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

سوندۇك شۇ ھامان پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ يېتىپتۇ. ھاۋا ئېچىلىپ، گۈلدۈرلەش توختىغاندىن كېيىن، ئۇچارقاناتلار كېلىپ قارىسا، سوندۇك پۇتىنى ئاسمانغا تۇتقىنىچە ئوخلاپ ياتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئۇچار قاناتلار قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ ئويغانغان سوندۇك ئەتراپتىكىلەرگە:

— ئاسماننى يۆلىۋالغىنىمغا خوشال بولۇپ كۈلۈۋاتامسىلەر؟ مەن يۆلىۋالمىسام ئاسمان ھەممىڭلارنى بېسىۋېلىپ، كۆكۆم ـ تالقان قىلىۋېتەتتى، — دەپتۇ.

سوندۇكنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان قۇشلار تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. سوندۇك ئۆزىنىڭ چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، خىجىل بولۇپ قۇشلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تارالپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئاسمان ئۆرۈلۈۋاتسا، پۇتۇڭنى سوندۇكتەك ئاسمانغا تۇتۇپ ياتامسەن» دېگەن تەمسىل سوندۇكنىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن .

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن: مۇتەللىپ سىيىت)

ھۆرۈن ھەممىدىن بىزار، ھەممە ھۆرۈندىن بىزار

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ھاللىق بىر ئائىلە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەدىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. سەدىر يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىپ:

— موللاڭنىڭ گېپىگە ئۇبدان قۇلاق سال،

تىرىشىپ ئوقۇغىن، كۆپ بىلىم ئالساڭ چوڭ بولغاندا خار بولمايسەن، ــ دەپ جېكىلەپتۇ.

بىراق، سەدىر بەكمۇ ھورۇن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ موللامنىڭ ئۆگەتكەنلىرىگە كۆڭۈل قويماپتۇ. كۈن ـ كۈنلەپ تەرتىپلىك ئولتۇرۇش سەدىرگە بەكمۇ قىيىن كەپتۇ. سەدىر ئىككى يىلدەك ئوقۇغاندىن كېيىن، مولللىسى ئۆيىگە كېلىپ:

— بۇ بالا پەقەت تىرىشمايدىكەن، ئىككى يىل ئوقۇتۇپمۇ ھېچنېمە ئۆگىتەلمىدىم. نەسىھەت قىلسام يىغلايدۇ. ساۋاق بەرسەم ئۇخلايدۇ. ھېچ ئىلاج قىلالمىدىم، ــ دەپ زارلاپتۇ. ئاتىسى سەدىرگە:

— بالام، بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزدە ياخشىراق ئوقۇساڭ بولامدۇ؟ ياخشى ئوقۇماي بىلىمسىز چوڭ بولساڭ، بىزدىن كېيىن قالساڭ جاپا تارتىپ قالىسەن، ــ دېگەنىكەن، سەدىر يىغلامسىراپ:

— ئاتا، ئون يىل ئوقۇساممۇ بىلەلمىگۈدەكمەن. يەنە مەدرىسىگە بار دېسەڭلار، مەن بېشىم قايغان يەرگە كېتىمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسى بىرلا بالا دەپ چوڭ كۆرۈپ، ئۇنىڭ رايى بويىچە مەدرىسەدىن توختىتىۋېلىپ كىيىم تىككۈچىگە شاگىرتلىققا بېرىپ:

— بالام، ھۈنەر بولسىمۇ ئۆگىنىۋالغىن، چوڭ بولۇپ بىزدىن كېيىن قالساڭ ئەسقاتىدۇ، ــ دەپتۇ ئاتىسى.

سەدىر بىر نەچچە كۈن ئۇستامدىن تەلىم ئاپتۇ. بىراق، ئۇستازىنىڭ گەپلىرى زادىلا قۇلاققا ياقماپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاپىسىغا:

— جېنىم ئاپا، مەن كىيىم تىكىشنى ئۆگىنەلمىگۈدەكمەن، يەنە زورلىساڭلار ساراڭ بولغۇدەكمەن، ــ دەپ يىغلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەدىرنى ياغاچچىغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. بۇ ھۈنەر سەدىرگە تېخىمۇ ياقماپتۇ. ئاخىر ئاتىسى ئۇنىڭغا دېھقانچىلىقنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، سەدىر ئىسسىقتا سايىدىن، سوغۇقتا ئۆيدىن چىقمايدىكەن. ئاتىسى ھەر نېمە قىلىپ بېقىپ سەدىرنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىگە ھەسرەتلىنىپتۇ. ئاخىر ئەر ـ ئايال مەسلىھەتلىشىپ «تىرىكلىكىمىزدە ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلىۋالسۇن دەپ شۇنچە قىلدۇق. لېكىن، سەدىرگە ھېچقايسىسى خۇشياقمىدى. ئەمدى بىزدىن كېيىن قالغاندا ئۆيدە بارنى يەپ ئۆتەر، ئۇنى زورلىمايلى» دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، سەدىر قورسىقىنى توقلاپ ئۇخلايدىغانلا بوپتۇ. كېيىنچە تاماقنى يېيىشمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ، سەدىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پانىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، ئۇ ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. ئۇ تاماق ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چاي قاينىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇڭا، بىر نەچچە كۈن ئاچ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قولۇم ـ قوشنىلىرى سەدىرگە بىر مۇنچە نەسىھەت قىپتۇ، ئاندىن:

— ئۆزۈڭ تاماق ئېتەلمىسەڭ ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگىن، ــ دەپتۇ.

سەدىرگە بۇ تەييار تاماق خۇش يېقىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنياسىمۇ تۈگەپتۇ. ئۆمرىدە بىرەر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىدىغان سەدىر ئەمدى پۇشايمان قىلىپ: «نېمە دەپمۇ ئوقۇمىغاندىمەن، ئېمىشقا ھۈنەر ئۆگەنمىگەندىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتىسىنىڭ يۇڭ سېتىپ نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقى ئېسىگە كېلىپ «ھەي، ياش ۋاقتىمدا ئاتامدىن ئېمىشقىمۇ يۇڭ تېرىشنى ئۆگىنىۋالمىغاندىمەن. يۇڭ دېگەننى ئوغۇتلىمىسىمۇ، سۇغارمىسىمۇ بولىدىغۇ، خەير تېرىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ.

سەدىر ئۆيدىن بىر تۇتام قوي يۇڭىنى تېپىپ ئېتىزغا ئېلىپ چىقىپتۇ. سەدىر يۇڭنىڭ نېمىدىن

چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

سەدىرنىڭ ئېتىزدا پەيدا بولغىنىدىن خۇشال بولغان قوشنىلىرى ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ يېقىن كەلسە، سەدىر ئېتىزدا يېتىۋېلىپ يۆڭنى يەرگە كۆمۈۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن قوشنىلىرى ئەجەبلىنىپ:

— سەدىر ئاخۇن، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇھ، ئەجەبمۇ ھېرىپ كەتتىم، يۆڭ تېرىۋاتىمەن، — دەپتۇ سەدىر.

قوشنىلار سەدىرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئارىدىن ياشانغان بىرسى:

— ھەي ئەخمەق، يۆڭ دېگەننى ھېچكىم يەرگە تېرىمايدۇ، يۆڭ دېگەن قويدىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

سەدىر:

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ئاچلىقتىن ئۆلەرمەنمۇ؟ — دەپ ئېتىزدا ئېغىناپ ھۆڭرەپ يىغلاپتۇ.

— ھۇرۇنلۇق قىلمىساڭ ئۆلمەيسەن، بىزگە ئوخشاش تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگىن، — دەپتۇ بىر دېھقان.

— مەن ئىشلىسەم ھېرىپ كېتىمەن، ھېرىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ مېنى ھاردۇرىدىغان ئىشنى قىل دېمىسەڭلار بولمامدۇ؟ شۇنداق ئىشلاردىن تولىمۇ بىزار بولدۇم، مېنى بىزار قىلمىساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ يەنە يىغلاپتۇ.

سەدىرنىڭ گېپىدىن نەپرەتلەنگەن كىشىلەر:

— سەن ھەممىدىن بىزار بولغان بولساڭ، بىز ھەممىمىزمۇ سەندىن بىزار بولدۇق، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ھۇرۇن ھەممىدىن بىزار، ھەممە ھۇرۇندىن بىزار» دېگەن ماقال سەدىرنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى تۇرپان شەھەر ئايدىڭكۆل يېزىسىدا)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرپان شەھەرلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سېيىت

# شاھزادە نەۋجاھان

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دۆلەت بولغانىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ بايلىقىنى سىغدۇرۇشقا جاھان تار ئىكەن. بۇ دۆلەت پادىشاھىنىڭ ئىسمى بەختىيار بولۇپ، پادىشاھ قىرىق يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، ئون ئىككى خوتۇن ئالغانىكەن، ئەمما ھېچقايسى خوتۇنىدىن پەرزەنت كۆرمەي خوتۇنلىرىدىن پۈتۈنلەي كۆڭلى قالغانىكەن. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى تولىمۇ غەش ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى سۇسلاپ، ئەتلىرى لەش بولۇپ، تەرسالىشىپ، بارغانسېرى جۇدۇنكەش بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار باش قوشۇپ مەجلىس قۇرۇپتۇ. ئۇلار پادىشاھقا يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بەرمەك كېرەك، دەپ گەپنى ئۈزۈپتۇ. مەسلىھەت بويىچە پادىشاھ بەختىيار يەنە ئۆيلىنىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھنىڭ بۇ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. بۇ خۇشاللىقتىن پادىشاھ بەختىيار ئوردا ئەھلى ۋە پۇقرالارغا ھىممەت كەمىرىنى قايتىدىن باغلاپ، ئىلتىپات داستىخانلىرىنى كەڭرى يېيىپتۇ. شاھنىڭ كىچىك خوتۇنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز سائەت قورساق كۆتۈرۈپ، بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل توغۇپتۇ. بۇ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتكەن پادىشاھ بەختىيار پۈتۈن ئەلگە قىرىق كۈن زىياپەت بېرىپ، ئات تويى قىپتۇ ۋە «بۇ جاھاندىكى ھەقىقىي كۈنلىرىم ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن باشلاندى» دەپ، توي تاماشىنىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى ئوغلىنىڭ ئېتىنى نەۋجاھان قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن مەكتەپتە ئوقۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە شاھزادە نەۋجاھان ئون نەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ كۆپ بىلىم ئاپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپتىن يېنىپ كېلىۋېتىپ، شۇ شەھەردىكى شاھزادە ـ بەگزادىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالتۇن ساقا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئوردىغا يانغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئاتا، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بالىلار ئالتۇن ساقا ئوينايدىكەن، مەنمۇ ئوينايمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ شاھزادە نەۋجاھانغىمۇ ئالتۇن ساقا سوقتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، شاھزادە نەۋجاھانمۇ مەكتەپتىن يېنىپ ئالتۇن ساقا ئوينايدىغان بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە يەنە نەچچە يىل ئۆتۈپ، نەۋجاھاننىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناۋاتسا كوچىنىڭ بىر تە-

رىپىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نەۋجاھان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئۈستىگە تۇرلۇك ئوۋچىلىق قوراللىرىنى ئاسقان، ئېتىنىڭ كەينىگە ئوۋ غەنىمەتلىرىدىن كىيىك، توشقانلارنى تېڭىپ قايتىۋاتقان ئوۋچىلارنى كۆرۈپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن نەۋجاھان: «مەن شەھەردىن چىقماي ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتىمەن، مانا ئەمدى كۈچ - قۇۋۋەتكىمۇ تولۇپتىمەن، ئاشۇ ئوۋچىلار بىلەن شەھەر سىرتىنى كۆرۈپ كەلمەيمەنمۇ» دەپ خىيال قىلىپ، ئودىغا قايتىپتۇ ۋە پادىشاھتىن ئۆزىنى ئاشۇ ئوۋچىلارغا قوشۇپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ بەختىيار ئوغلىنى ئوۋچىلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوۋچىلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن چىقىپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار بىر ئاچالغا يېتىپ كەپتۇ. ئوۋچىلار:

— ئەي شاھزادە نەۋجاھان، ئادىتىمىز بويىچە ھەر بىرىمىز بىردىن يولغا ئات سالىمىز، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يانىمىز. ئەمما سىز بۇ جايلارنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيسىز، شۇڭا خالىغان بىرىمىزگە قوشۇلۇپ ئوۋ قىلىڭ، — دەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان بۇ سۆزگە قوشۇلماي:

— مەن بەردەم يىگىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يوللار ھەر بىرىمىزگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا مەنمۇ يالغۇز ئوۋ قىلىمەن، — دەپتۇ.

— بۇ گېپىڭىزگە ماقۇل دېيىشكە ھەددىمىز ئەمەس، سىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭىزگە ئىگە بولمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، خالىغان بىرىمىزنى تاللاپ بىللە مېڭىڭ، — دەپ ئوۋچىلارمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەمما نەۋجاھاننىڭ غورۇرى غالىب كېلىپ، ئوۋچىلارنىڭ يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۇدۇل كەلگەن بىر يولغا ئات سېلىپ چېپىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ ئۈچقۇر بورانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەمما ئوۋ قىلغۇدەك ھېچنەرسە ئۇچرىتالماپتۇ. قۇرۇق قول قايتىشقا نومۇس قىلغان نەۋجاھان يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئالدى تەرەپتىن چېكىتتەك بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتقان پېتى ئات چاپتۇرۇپ ھېلىقى قارا چېكىتكە يېقىنلىشىپتۇ، قارىسا، ئۇ ناھايىتى تېز كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئىكەن. نەۋجاھان ئات چاپتۇرغان پېتى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ، قارىسا، ئۇ ھاردۇق يەتكەنلىكتىن كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى قېچىپ، چىرايى تاتارغان، ساقىلى قاردەك ئاقارغان، بەللىرى ئېگىلگەن بىر ئادەم ئىكەن. شاھزادە نەۋجاھان:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ سالام بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەممۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ توختاپتۇ ھېلىقى كىشى. نەۋجاھان:

— ئەي ئاتا، سەپەرلىرى قاياققا؟ بۇنچە تېز مېڭىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي نەۋجاھانغا، — بۇنى سورىمىساڭ ياخشى بولاتتى، سوراپ قالدىڭ، بوپتۇ، سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي. تۈنۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر ئاي چۈشۈپ، سول يېنىمدىن كىرىپ ئوڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن بىر قۇياش چۈشۈپ، ئوڭ يېنىمدىن كىرىپ سول يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى كۆرگەن چۈشۈمنى قۇرئەندازلارغا ئېيتسام، ئۇلار: «ئەي چۈش ئىگىسى، سىز بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقتىكى بىر جايغا بارسىڭىز كۆرگەن چۈشىڭىزنىڭ خاسىيىتىنى كۆرىسىز» دېگەنىدى، شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەن يولغا چىقتىم، مەنزىلىم ئۈچ ئايلىق يول. ئەي ئوغلۇم، ئەمدى يولۇمنى توسماي ئۆز يولۇڭغا راۋان بول.

ئىككى پۇتىنىڭ بىرى گۆرگە ساڭگىلىغان، بىر چۈشنىڭ خاسىيىتى ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق مەنزىلگە بارماقچى بولغان بوۋاينىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە ھەيران قالغان ھەم ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇغان شاھزادە نەۋجاھان «بىر بوۋاي جېنىدا شۇنچە ۋالا چوڭ مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئاپتۇ، نېمە ئۈچۈن مەن بوۋاينىڭ ئىشىغا ھەمدەم بولمايمەن» دەپ ئويلاپ:

— ئەي ئاتا، مەنزىللىرى بەك يىراق ئىكەن. ئۆزلىرى مۇشۇ جايدا مېنى ساقلاپ تۇرسىلا، سىلى ئۈچۈن مەن بېرىپ چۈشلىرىنىڭ خاسىيىتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە تاپشۇراي، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ھىممىتىڭگە كۆپ رەھمەت. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، چۈنكى ھەرىكەتسىز ئىشتا بەرىكەت يوق.

بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن شاھزادە نەۋجاھان بوۋاينى بۇ مۇشەققەتتىن بىراقلا خالاس قىلماقچى بولۇپ:

— ئەي ئاتا، ئۇنداق بولسا چۈشىڭىزنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — ئۆزەڭ خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلىسەن، بوپتۇ، ساڭا چۈشۈمنى سېتىپ بېرەي. ئەمما باھاسى ناھايىتى قىممەت، ئىككى دانە گۆھەرگە ساتىمەن.

— بولدى ئالدىم، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان ۋە يېنىدىن ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ - دە، ئۈچ ئايلىق مەنزىلنى كۆزلەپ ئات ساپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئۈچ كۈندىلا ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ، ئۈچىنچى كۈنى بىر جاڭگالغا يېتىپ كېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ناماز شام ۋاقتىدا بىر يەردە بىر تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ئەسكى تاملىقنى كۆرگەن شاھزادە نەۋجاھان: «ئۈچ كۈن توختىماي يول يۈرۈپ، ھېرىپ - ئېچىپتىمەن، ئېتىممۇ ھېرىپتۇ، بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ئەته يولۇمنى داۋاملاشتۇراي» دەپ ئەسكى ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئەمما كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئاتقا بوغۇز بېرىپ بولۇپ ئارام ئالاي دەپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئۇ دۈپۈرلىگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، «بۇ چۆلدە ئۈچ كۈن تەنھا يول يۈرسەم ھېچنەرسە ئۇچرىمىغانىدى، ئەمدى بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، نىقابلىق بىر كىشى ئىككى ئاتنى يېتىلەپ بۇ ئەسكى ئۆيگە كىرىپ:

— ئەي يىگىت، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ماۋۇ ئاتقا مىنىپ كەينىمدىن مېڭىڭ، — دەپتۇ. بۇ ئىشتىن تەئەججۈپ ئىچىدە قالغان شاھزادە نەۋجاھان: «نېمە بولسا بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلاپ، گەپ - سۆز قىلماي نىقابلانغان كىشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىپتۇ. ھېلىقى كىشى يەنە:

— ئېتىڭىزنىڭ تۇمشۇقىنى مېنىڭ ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاڭ، ئارىلىقنى ئۆزىڭىز چاغلاڭ، — دەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئىككى ئاتنىڭ ئارىلىقىنى چاغلاپ ھېلىقى كىشىنىڭ ئېتىغا ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ تۇمشۇقىنى باغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر ئايلىق يولنى بېسىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شاھزادە نەۋجاھان: «ماڭ دېدى ماڭدىم، ئەمما بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، ئالدىغا ئۆتۈپ بىر قاراپ باقاي، يا بولمىسا ئۆزىدىن سوراپ باقاي» دەپ نىقابلىق كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتنى توختىتىپتۇ ۋە:

— ئەي نىقابلىق كىشى، سىز كىم بولىسىز؟ مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى نىقابىنى ئېلىپ:

— مەن سىزنى مۇشۇ جايغا ئەكەلگەن ئادەم بولىمەن، — دەپتۇ. ھەر ئىككىيلەن ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھاننىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ئايدىنمۇ گۈزەل بىر پەرى ئىكەن. نەۋجاھان: «ھېلىقى بوۋاينىڭ چۈشىدە ئاسماندىن چۈشۈپ، سول يېنىدىن كىرىپ ئوڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەن جانان ئاي مۇشۇ قىز ئىكەن - دە» دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇ ھامان قىزغا ئاشىق بوپتۇ. قىز بولسا نىقابنى كۆتۈرۈپ نەۋجاھاننى كۆرۈپ باشتا ھەيران قاپتۇ، كېيىن جاھان ئاپتىپى ئۆچكەندەك يۈزىدىن ناز - كەرەشمىلىك كۈلكە قېچىپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، ئاتام بىلەن ئانام كوھقاپ

شەھىرىدە تۇرىدۇ، ئۇلار مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانىدى، بىراق تاغام بىلەن ئاتام ئۇرۇشۇپ قېلىپ مېنى ئۇنىڭغا بەرمەيدىغان بولدى، تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىمىز توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەنىدۇق، ئاتا - ئانام مېنى ئۇنىڭغا بەرمەيدىغان بولغاندىن كېيىن، مەن تاغامنىڭ ئوغلىنى سىز بىلەن ئۇچراشقان جايدا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتقانىدىم، مەن سىزنى تاغامنىڭ ئوغلى دەپ بىلىپ بۇ جايغا باشلاپ كەپتىمەن. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، دەرھال بۇ يەردىن كېتىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق پەرى، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان، — مەن بىر مۇساپىرمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئېتىم بىلەن ئۇزۇق - تۈلۈكۈم ھېلىقى ئەسكى تاملىقتا قالدى. مانا ئەمدى سىزنىڭ ئىشقى پىراقىڭىز يۈرۈكۈمگە بۈركۈتتەك چاڭگال سالدى، ئەمدى كېتەلمەيمەن.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ پەرى خىجىللىق ئىلكىدە، — بۇ ئەيىب مەندە، بىراق مېنىڭ جۈپتۈم بار، سىز بىلەن قالالمايمەن.

— ئەي پەرى، ئىشق ئەھلىنىڭ دىلبىرى، سىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇش، سۆھبىتىڭىزگە ھەر دائىم نائىل بولۇپ تۇرۇش ئارزۇ - ئارمىنىمدۇر. ئەگەر جۈپتىڭىز پەيدا بولسا، مەن سىزگە سادىق خىزمەتكار بولاي، ئەگەر پەيدا بولمىسا، مەن جۈپتىڭىز بولاي. مېنى قوغلىمىسىڭىز، ئىشقىڭىزدا كۆيگەن مەن بىچارىنىڭ ھالىمغا بىر يەتسىڭىز، — دەپ تارام - تارام ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ نەۋجاھان.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان پەرى:

— بوپتۇ، سىزنى ئېلىپ قالاي، بىراق بىر شەرتىم بار، ئەگەر بىر ئاي ئىچىدە تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولسا، بىزگە خىزمەتكار بولىسىز، پەيدا بولمىسا، جۈپتۈم بولىسىز، — دەپتۇ.

پەرى قىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولغان نەۋجاھان بۇ شەرتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇلار شۇنداق ۋەدىلەر بىلەن چۆل - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ھەپتە ئۆتكەندە بىپايان چۆلنىڭ چېتىگە يېتىپتۇ. ئالدى تەرەپتە تويۇقسىز بىر دېڭىز پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭىش يولىنى توسۇپتۇ. پەرى دەپتۇ:

— ئەي نەۋجاھان، ئېتىڭىزنىڭ تومشۇقىنى ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىڭ - دە، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ.

شاھزادە نەۋجاھان پەرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. بىر چاغدا پەرى:

— ئەي نەۋجاھان، ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ. نەۋجاھان كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى بۇ بىپايان دېڭىزنىڭ چېتىدە كۆرۈپتۇ.

— ئەي پەرى، بىز دېڭىزدا قانچە ئۇزاق يول يۈردۇق؟ — دەپ سوراپتۇ نەۋجاھان.

— دېڭىزدا بىر ھەپتە يول يۈردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرى.

ئۇلار بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ساق ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر تۈپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئاتلىرىنى باغلاپتۇ.

— ئەي نەۋجاھان، — دەپتۇ پەرى، — بىز يول يۈرگىلى ساق بىر ئاي بوپتۇ، بىراق تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولمىدى، ئەمدى لەۋزىمگە ئەمەل قىلىپ، سىزنى ئۆزۈمگە جۈپتى نىگار قىلىشىم كېرەك. سىز شەھەرگە كىرىپ ئاز - تولا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، بىر موللا تەكلىپ قىلىپ چىقىڭ، نىكاھىمىزنى ئوقۇتايلى، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ دەرھال شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئاز - تولا يېمەكلىك ئېلىپ، بىر موللىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەپتۇ.

موللا نىكاھنى ئوقۇپ، يېڭى ئەر - خوتۇنلارنى مۇبارەكلەپ بولۇپ، شەھەرگە قايتماقچى بولغاندا پەرى:

— ئەي موللام، ئۆزلىرىگە يەنە بىر ھاجىتىم-

مىز بار ئىدى، بىز بۇ شەھەرگە مۇساپىر، شۇنداق بولسىمۇ باشقىلار بىلەن خوشنا ئولتۇرغىمىز يوق. شۇڭا، ئوبدانراق بىر يۇرۇش ئۆي تېپىپ بەرگەن بولسىلا، ئۆزلىرىنىمۇ ئوبدان رازى قىلالايتتۇق، — دەپتۇ.

موللىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلار شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خالىيراق جايغا سېلىنغان كاتتا ياسالغان بىر ئىمارەتنى سېتىۋېلىپ جايلىشىۋاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى:

— ئەي نەۋجاھان، بىز مۇشۇ شەھەردە ماكانلىشىپ قالدۇق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادشاھ، سىلەر نېمە ئادەم، دەپ سورۇشتۇرۇپ قالسا بىر نەرسە دېيەلمەي قالىمىز. شۇڭا، سىز ئوردىغا بېرىپ بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىقىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇڭ، — دەپ ئىككى گۆھەر بېرىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئوردىغا بېرىپ ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوينىدىكى ئىككى دانە گۆھەرنى چىقىرىپ پادشاھقا تۇتۇپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ رىۋايەتلەردىن ئاڭلىغان ئەمما كۆرۈپ باقمىغان بۇ گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. نەۋجاھانمۇ پادشاھقا ياراپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاھزادە نەۋجاھاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. نەۋجاھان «دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادشاھ:

— سىز ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوردىغا كېلىپ مەن بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ تۇرسىڭىزلا بولىدى، باشقا ۋەزىپە تاپشۇرمايمەن، — دەپ ئۆز ئەمرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە نەۋجاھان ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگىنى پادشاھ بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ، قالغان ۋاقتىنى خوتۇنى بىلەن خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىمۇ تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ئۇنتۇپ نەۋجاھاننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

بىر كۈنى نەۋ جاھاننىڭ خوتۇنى ئۇنى بازارغا ئەۋەتىپ، بىر پارچە يىپەك ۋە ھەر خىل مەشۇتلارنى ئالغۇزۇۋېتىپ ۋە بىر كېچە ئۇخلىماي بىر پوتا تىكىپتۇ. نەۋجاھان ئەتىگىنى ئويغىنىپ، ئۆيدە ئاجايىپ چىرايلىق كەشتىلەنگەن بىر پوتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنداق چىرايلىق پوتىنى نەۋجاھان ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى پوتىنى ئېرىنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپتۇ. نەۋجاھان شۇ ئەتىگىنى ئوردىغا چايغا بېرىپتۇ. پادشاھ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، نەۋجاھاننىڭ بېلىدىكى پوتىنى كۆرۈپ:

— ئەي ۋەزىر، بېلىڭىزدىكى پوتىنى كىم تىككەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادشاھقا مەلۇم بولغايكى، بۇ پوتىنى خوتۇنۇم تىككەن، — دەپتۇ نەۋجاھان.

— ئەجەب چىرايلىقكەن، — دەپتۇ پادشاھ.

پادشاھنىڭ پوتىسىغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بىلگەن نەۋجاھان دەرھال پوتىسىنى يېشىپ پادشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادشاھ پوتىنى ئېلىپ بېلىگە باغلاپتۇ ھەمدە نەۋجاھانغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان شاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيگە كەتكەندىن كېيىن، پادشاھ قىرىق خوتۇنى بىلەن قىرىق كېنىزەكنى ھەرەمگە يىغىپ پوتىنى كۆرسىتىپ:

— بۇنداق پوتىنى قايسىڭلار تىكەلەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بىلەن قىرىق كېنىزىكى باشلىرىنى تۆۋەن ساپتۇ.

پادشاھ سوئالىنى تەكرارلاپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرسى:

— ئەي پادشاھىم، بۇنداق چىرايلىق كەشتىلەنگەن پوتىنى ئادىمىزات تىكەلمەيدۇ، بۇ ئىش پەقەت پەرىزاتلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادشاھ قولىدىكى پوتىغا سىنچىلاپ قاراپ: «تىككەن پوتىسى بۇنداق چىرايلىق بولسا، ئۆزى قانچىلىك چىرايلىقتۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا غايىبانە ئاشىق بىقارار بوپتۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ، بىھۇش بو-

لۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بىقارار بولغانلىقىنى پەملىگەن بىر ۋەزىر مەسلىھەت كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىش ئاسان، نەۋجاھان قول ئاستىلىرىدىكى بىر ۋەزىر، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى دانە گۆھەر سوۋغا قىلىشنى ئەمر قىلسىلا، ئەگەر ئۇ ئىككى دانە گۆھەر ئېلىپ كەلسە، «شاھ غەزىنىسىدە تۆت دانە گۆھەر بار ئىدى، سەن ئۇنى ئوغرىلاپ شاھقا سوۋغا قىپسەن» دەپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى سىلىگە قالىدۇ. ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسە، «شاھ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ» دەپ گۇناھ قويۇپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە قالىدۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ تەكلىپىنى خوپ كۆرگەن پادىشاھ ئەتىسى ئەتىگىنى چاي ۋاقتىدا نەۋجاھانغا يەنە ئىككى دانە گۆھەر ئەكېلىشنى ئېيتىپتۇ، شاھنىڭ ئەمرىگە نائىلاج ماقۇل بولغان نەۋجاھان «ئۆيدە يەنە ئىككى گۆھەر بولسىغۇ ئەكېلىپ بېرەرمەن، ئەگەر بولمىسا قانداق قىلارمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ غەمكىن هالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ پەرىشان هالىتىنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ئەي نەۋجاھان، بۈگۈن ئەجەب غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نەۋجاھان پادىشاھنىڭ يەنە ئىككى دانە گۆھەر تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي غەمگۇزارىم، سىز گۆھەردىن غەم قىلماڭ، بۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ ۋە دەرهال قەلەم ئېلىپ چىقىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، نەۋجاھانغا تۇتقۇزۇپ دەپتۇ:

— ئەي نەۋجاھان، سىز بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، بىز كەلگەن دەريانى بويلاپ ماڭسىڭىز ھېلىقى دېڭىز بويىغا بارىسىز، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، كۈن پېتىش تەرەپكە ئازراق ماڭسىڭىز، سۇنىڭ ئىچىدىن چوڭلۇقى تۆگىدەك كېلىدىغان بىر ئاق تاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېتىڭىزنى شۇ يەردە قويۇپ، ئاق تاشقا دەسسەپ، تاشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاتلىسىڭىز ئۈستىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بىر كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ. سىز شۇ كۆۋرۈككە پۇتىڭىزنى سىيپاپ مېڭىۋېرىسىڭىز، بىر قاپقاق ئۇچرايدۇ. قاپقاقنى كۆتۈرسىڭىز بىر يەرگە كىرىپ كېتىسىز - دە، باشقا بىر يولغا چىقىپ قالىسىز. شۇ يول بىلەن ئازراق ماڭسىڭىز، بىر گۈمبەز ئۇچرايدۇ. گۈمبەز ئىچىدە بىر ساراي بار، سارايغا كىرسىڭىز، بىر ئالتۇن تەخت بار، تەخت ئۈستىدە بىر مەلىكە ياتىدۇ، مەلىكىنىڭ باش تەرىپىدە بىر شىشە دورا بار، دورىنى ئېلىپ ئاغزىغا تېمىتسىڭىز، مەلىكە دەرهال هوشىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا خەتنى بەرسىڭىز، ئۇ سىزگە قانچىلىك گۆھەر لازىم بولسا شۇنچىلىك بېرىدۇ، — دەپتۇ.

نەۋجاھان خوتۇنىنىڭ دېگىنىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇپ، خەتنى قوينىغا سېلىپ يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئۆز يولىغا كېتىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھنىڭ نەۋجاھاندىن گۆھەر تەلەپ قىلغىنىغا ئۈچ كۈن بوپتۇ، لېكىن نەۋجاھاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ نەۋجاھاننىڭ ئۆيىدە بار - يوقلۇقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئىككى ۋەزىرنى نەۋ جاھاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرلەر نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ. نەۋ جاھاننىڭ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. ۋەزىرلەر:

— بىز پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى، نەۋجاھان ئوردىغا بارمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى، شۇڭا چاقىرغىلى كەلدۇق، — دەپتۇ.

— پادىشاھ نەۋجاھاننى بىر خىزمەتكە بۇيرۇپتىكەن، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرگىلى كەتكەن، تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دەپتۇ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ. ۋەزىرلەر قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ دەرهال قىرىق نەپەر كېنىزەكنى نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. كېنىزەكلەر نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپتۇ.

— نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئوبدان مېھمان قىپتۇ. ئۇلار بۇ خوتۇننىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ. تەييارلىغان غىزالىرىنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بوپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن كېنىزەكلەر كېلىش مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى:

— ئەي كېنىزەكلەر، قايتىپ بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇڭلار، نەۋجاھانىم ھازىر ئۆيدە يوق، ئوردىغا بارالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ كېنىزەكلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دەرۋازىنى تاقاپتۇ.

كېنىزەكلەر ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، نەۋجاھاننىڭ ھۆسن - جامالىنى، غىزا - تائاملىرىنى ۋە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى بىرنى ئون قىلىپ شاھقا مەلۇم قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان پادىشاھ قىرىق جاللاتنى ھازىر قىلىپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قىرىق نەپەر جاللات جاللاتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرۋازىنى قېقىپ:

— ئەي نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى، ئاڭلىمىدىم دېمە، كېيىن پۇشايمان يېمە، ئۇلۇغ شاھىمىزدىن پەرمان شۇكى، سەن دەرھال ئالدىمىزغا چۈشۈپ ئوردىغا بارىسەن، شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ يانىسەن، — دېيىشىپتۇ. دەرۋازا ئېچىلمىغاندىن كېيىن جاللاتلار:

— ئەي خوتۇن، دەرھال ئۆيدىن چىق، بولمىسا دەرۋازاڭنى چېقىپ، كاللاڭنى كېسىپ، قېنىڭنى قۇتىغا، بېشىڭنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ ئوردىغا يانىمىز، — دەپ سۈرەن سېلىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىشىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:

— ئەي جاللاتلار، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار. بېرىپ پادىشاھىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەن سىلەرنى ھەم پادىشاھىڭلارنى كەچۈردۈم. بىرىنچىدىن، مەن شەھىرىڭلارغا پۇقرا بولۇپ تۇزۇڭلارنى يېدىم؛ ئىككىنچىدىن جۇپتۇم شاھ خىزمىتى ئۇچۇن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى، قايتىپ كېلىپ ئىزدەپ قالمىسۇن دېدىم. بولمىسا ئورداڭلارنى خارابىستانغا، شەھىرىڭلارنى مازارىستانغا ئايلاندۇرىۋېتەر ئىدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جاللاتلار:

— ئەي ساراڭ خوتۇن، پەلىپەتىش گەپلىرىڭنى قوي، يوغانچىلىق قىلغىنىڭغا ئەمدى توي، — دېيىشىپ دەرۋازىنى چاققىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما ھايال ئۆتمەي دەرۋازىنى چېقىۋاتقان جاللاتلارنىڭ قوللىرى قۇرۇپ، قىلىچلىرى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن جاللاتلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ بىردەمدىلا ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سېھرى - ئەسرالارنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ، پالچىلارنى يىغىپ پال ئاچقۇزۇپتۇ. ئۇلار:

— ئەي شاھى جاھان، دۆلەتلىرى بولسۇن دائىم ئامان. سىلى كوھىقاپ پەرىزاتلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قاپلا، ئۇلارغا يامان كۆزلىرىنى سېلىپلا، ئەگەر ئۇلارنى ئارام خۇدا قويمىسىلا بۇ شەھەر ئاپەت بىلەن تولىدىكەن ۋە پۈتۈنلەي خاراب بولىدىكەن، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ پالچىلارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ ھەمدە «ھېچكىم نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە چېقىلمىسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئەمدى ئۇلار ئۆز جايىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، شاھزادە نەۋجاھاننى ئىزدەپ تاپايلى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن گەپ ئاچايلى.

شاھزادە نەۋجاھان خوتۇنى دېگەن يول بىلەن مېڭىپ گۇمبەزنى تېپىپتۇ، گۇمبەز ئىچىگە كىرىپ ئاجايىپ بىر كاتتا سارايىنى، سارايىنىڭ تۆۋىدە تۇرغان ئالتۇن تەختنى ۋە تەخت ئۈستىدە بىھوش ياتقان قۇياش مەسەللىك، ئاپتاپ تەبىئەتلىك ساھىبجامال مەلىكىنى كۆرۈپتۇ. نەۋجاھان كۆڭلىدە: «ھېلىقى بوۋاي چۈشىدە كۆرگەن قۇياش شۇمىدۇ» دەپ ئويلاپ قاپتۇ ۋە شېشىدىكى دورىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ، بىھوش ياتقان مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا تۇرغان نەۋجاھاننى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەۋجاھان خوتۇنى يېزىپ بەرگەن مەكتۇبنى مەلىكىگە ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە مەكتۇبنى كۆرۈپ يىگىتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— ئەي يىگىت، ئاۋۇ ئۆيدە لىققىدە گۆھەر بار، ئۆزىڭىز خالىغانچە ئېلىڭ، — دەپ بىر ئىشكىنى كۆرسىتىپتۇ. نەۋجاھان كىرىپ بىر خورجۇن گۆھەر ئاپتۇ. ئاندىن مەلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، كەينىگە يېنىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان سارايىنىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە مەلىكە:

— ئەي يىگىت، مەندىن سورايدىغان گېپىڭىز يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەلىكە، — دەپتۇ نەۋجاھان كەينىگە يېنىپ، — بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، مەن پادشاھىمنى تەقەززا قىلىشنى خالىمىدىم؛ ئىككىنچىدىن، كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سوراپ يارىڭىزغا تۇز سېپىشنى خالىمىدىم. ئەگەر سىز سۆزلەپ بېرىشنى خالىسىڭىز جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن.

شاھزادە نەۋ جاھان خورجۇننى قويۇپ مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— مەن ئەسلىدە كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم، — دەپ گەپ باشلاپتۇ مەلىكە، — بىر كۈنى جىمار ئىسىملىك بىر جادۇگەر مېنى ئېلىپ قېچىپ مۇشۇ سۇنىڭ تېگىگە سېھرى بەند قىلدى. شاھ ئاتام نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بۇ كۆلچەكتە مۇپتىلا بولدۇم، ئون يىلدىن بۇيان جادۇگەر مېنى قولىغا ئېلىپ خۇددى ئالتۇن - تىللانى ئېلىپ ئوينىغاندەك ئوينايدۇ، ئالما پۇرىغاندەك پۇرايدۇ. چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بىھوش قىلىپ قويىدۇ ھەم ئۆزى كەلگەندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلتۈرىدۇ. ئاتا - ئانامنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم رازى ئىدىم، بىراق بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلەمدىمەن - يېتەلمەمدىمەن بۇنى بىلمەيمەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مەلىكە خۇددى دەمدەر ئۇنلىگەندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولغان نەۋجاھان:

— ئەي مەلىكە، بولدى يىغلىماڭ، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن، — دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە، ئالىيجاناپ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، بىراق سىزنىڭ جادۇگەرگە كۈچىڭىز يەتمەيدۇ. ياش جېنىڭىزغا، يەنە ئامراق دوستۇمنىڭ جۈپتى نىگارىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى خالىمايمەن. ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، دوستۇمغا سالام دەڭ، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ نەۋ جاھان، — كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاڭلىمىغان بولسام مەيلى ئىدى، ئەمما ئاڭلاپ تۇرۇپ سىزنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتىش ئەرلىك غۇرۇرۇمغا نۇقساندۇر. سىزنى قۇتۇلدۇرماي بۇ جايدىن كەتمەيمەن.

نەۋ جاھان گۆھەر قاچىلانغان خورجۇننى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ، نەۋ جاھانىنىڭ بۇ ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن مەلىكە:

— ئەي يىگىت، ئىرادىڭىز بۇنچە چىڭ بولسا مېنى قۇتۇلدۇرسىڭىز مەيلى، ئەمما جادۇگەرنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس، بۇ سىرنى ئۇقماي تۇرۇپ قول سېلىشقا بولمايدۇ. ھازىرچە بىر دالدىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ، مەن ئاۋۋال سىر ئالاي، — دەپتۇ. شۇ ئەسنادا بەتبەشىرە جادۇگەر «پال - پۇل» ئوتلار چاقنىتىپ يېتىپ كەپتۇ ۋە بىھوش بولۇپ يېتىۋالغان مەلىكىنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئالقىنىغا ئېلىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. مەلىكە يالغاندىن ئەركىلەپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەي جىمار، مەن قولىڭىزغا چۈشكىلى ئون يىل بوپتۇ. بۈگۈن كۆڭلۈم بۆلەكچە خۇشال تۇرىدۇ، ئەگەر شاراب بولغان بولسا ئىچىشمۇ ياخشى بولغان بولاتتى.

مەلىكىنىڭ ئون يىلدىن بويان تۇنجى قېتىم چىش يېرىپ گەپ قىلغىنىغا خۇشال بولغان جىمار قولىنى بىر شىلتىپتىكەن، شۇ زامان ئون ئىدىش شاراب ھازىر بوپتۇ. مەلىكە خۇشال بولۇپ يوغان

بىر جامغا شاراب قۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن مەمنۇن بولغان جادۇگەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇن ئىدىش شارابنى ئىچىپ مەس بولۇپ دەلدەڭشىپ قاپتۇ.

مەلىكە ئەڭ ئاخىرقى بىر جام شارابنى ناز ـ كەرەشمە بىلەن جىمارغا تۇتۇپ:

ــ ئەي ئامرىقىم، سەن بىلەن بىللە تۇرغىلى ئون يىل بولدى. ئەمما مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن يۈرەك ـ باغرىم قانغا تولدى، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىمار دەرھال:

ــ ئەي مەلىكەم، مەن سېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن، پەقەت سېنىڭ ئۇتۇڭدىلا كۆيىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، ــ دەپتۇ مەلىكە.

ــ قەسەم قىلىپ بېرەي، ــ دەپتۇ جىمار.

ــ يالغان قەسىمىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، ــ دەپتۇ مەلىكە.

ــ ئۇنداق بولسا قانداق قىلسام ئىشىنىسەن؟ ئەي مەلىكەم، مېنىڭ ساڭا ئاشىقلىقىمغا ئىشەنمەسلىكىڭگە قانداق ئاساسىڭ بار؟ ــ دەپتۇ جىمار دەلدەڭشىپ تۇرۇپ.

ــ ئاساسىم شۇكى، ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ ئاشىق ھەر قانداق چاغدا مەشۇقىدىن سىر يوشۇرمايدۇ.

ــ ئەي مەلىكەم، ــ دەپتۇ جادۇگەر، ــ سەندىن سىر يوشۇرماسلىققا قەسەم قىلاي. ھەر قانداق سىرىم بولسا ئېيتىپ بېرىمەن.

ــ ئۇنداق بولسا سېنىڭ جېنىڭ قەيەردە ئامرىقىم؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىمار بېشىنى سىلىكىۋېتىپ دەپتۇ:

ــ مېنىڭ جېنىم بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقتىكى بىر جايغا بەند قىلىنغان. ئۇ يەردە بىر چىنار بار، چىنارنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر قۇرۇق شاخ بار، قۇرۇق شاخقا بىر قارا كەپتەر كۈندە ئۈچ قېتىم قونىدۇ، قالغان چاغدا ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇ كەپتەرنى ئاتسا، ئەگەر كەپتەر ئۆلسە ۋە يەرگە چۈشسە، كەپتەر چۈشكەن يەرنى كولىسا، بىر ساندۇق چىقىدۇ، ساندۇقنى ئاچسا، قىرىق باسقۇچلۇق بىر شوتا چىقىدۇ، شۇ شوتىدىن چۈشسە، قاراڭغۇ بىر يولغا چىقىدۇ، شۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا بىر دەرەخ ئۇچرايدۇ، دەرەخنىڭ ياپراقلىرى بەكمۇ چوڭ، شۇ ياپراقلارنىڭ ئىچىدە بىر تۆمۈر قەپەز بار، قەپەز ئىچىدە قەۋزى دەيدىغان بىر جانىۋار بار، شۇ جانىۋارنىڭ يۈرىكى مېنىڭ جېنىمدۇر. ئەگەر بىرەرسى شۇ جانىۋارنى قەپەزدىن ئالماي قولىنى تىقىپ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىسا، مەن تۈگىشىمەن. ئەگەر قەۋزى ئۇچۇپ چىقىپ كەتسە، پۈتۈن جاھان خارابىلىققا ئايلىنىدۇ.

جادۇگەرنىڭ پۈتۈن سىھرىنى بىلىۋالغان مەلىكە:

ــ ئەي ئاشىق جىمار، مانا ئەمدى ھەقىقەتەن ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشىدۇق، ــ دەپتۇ، ئاندىن يەنە، ــ ئەي پالۋانىم جىمار، سەن دۇنيادا تەڭداشسىز پالۋان ئىكەنسەن، ئەمما بىر يەرگە كەتسەڭ، مېنى بىھوش قىلىپ قويىدىكەنسەن. سەن يوق چاغدا سېنى پۇراپ ياتالمايدىكەنمەن. بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراق يولدا رەيھانگۈل دەيدىغان بىر خۇشپۇراق گۈل بار ئىمىش، سەن شۇ گۈلنى ئەكېلىپ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا كۆكسۈمدە قويۇپ قويساڭ، مەن شۇ گۈلنى خۇددى سېنى پۇرىغاندەك پۇراپ ياتسام دەيمەن.

مەلىكىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن جادۇگەر مەلىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ خۇددى ئالمىنى ئويناتقاندەك بىر پەس ئويناپ، ئاندىن بىھوش قىلىۋېتىپ رەيھانگۈلنى ئەكېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. جادۇگەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى دەرھال ھوشىغا كەلتۈرۈپ جادۇگەرنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

ــ ئەي يىگىت، ــ دەپتۇ مەلىكە كۆزىگە ياش ئېلىپ، ــ بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش ئىكەن، مەن سىزنىڭ ۋە دوستۇمنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشنى خالىمايمەن. دەرھال قايتىپ كېتىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە نەۋجاھان:

— كەتسەم كېتەي، لېكىن جادۇگەرنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتەي، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكە ئاخىر جادۇگەردىن ئاڭلىغانلىرىنى نەۋجاھانغا قويماي دەپ بېرىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە يېنىپ سۇنىڭ ئىچىدىكى ئاق تاشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئېتىغا مىنىپتۇ. بۇ ئات بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان ئات ئىكەن. نەۋجاھان ئۈچ كۈندە ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. ئۇ ئاتنى چىنارغا باغلاپ قويۇپ، بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ ئوقيانى قورۇق شاخقا بەتلەپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا قاپقارا بىر كەپتەر كېلىپ قورۇق شاخقا قونۇپ، قانات قېقىپ تۇرۇپ: «ئەي يامان جادۇگەر» دەپ تۈۋلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ كەپتەر ئۈچ قېتىم تۈۋلىسا، جادۇگەر چىنارنىڭ قېشىدا هازىر بولىدىكەن. كەپتەر نەۋجاھاننىڭ جادۇگەرنىڭ جېنىنى قەستلەپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغانىكەن. كەپتەر ئىككىنچى قېتىم يەنە تۈۋلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا نەۋجاھاننىڭ ئوقى كېلىپ كەپتەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. جان تالىشىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۆلگەن كەپتەر پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ كەپتەر چۈشكەن جاينى كولاپتىكەن، بىر ساندۇق چىقىپتۇ. ساندۇقنى ئاچسا، ئىچىدىن قىرىق باسقۇچلۇق بىر شوتا چىقىپتۇ. نەۋجاھان شوتىدىن پەسكە چۈشۈپ قاراڭغۇ بىر يولغا چىقىپتۇ ۋە بۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ، بىر تۈپ كەڭ ياپراقلىق دەرەخنى تېپىپتۇ، نەۋجاھان قارىسا، ياپراقلار ئارىسىدا بىر تۆمۈر قەپەز، قەپەز ئىچىدە قەۋزى دېگەن جانىۋار پەستىن قونداققا، قونداقتىن پەسكە تىنماي سەكرەپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن نەۋجاھان قەپەزگە قولىنى تىقىپ چەبدەسلىك بىلەن قەۋزىنى تۇتۇپ دەرهال بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. قەۋزىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن، دەھشەتلىك بوران چىقىپ جاھان چاڭ - توزان ئىچىدە قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بوران توختاپ، هاۋا ئېچىلىپ كۈن چىقىپتۇ. نەۋجاھان شۇنداق كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى بىر يارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. نەۋجاھان كۆڭلىدە: «مەن كۈن چىقىش تەرەپتىن كەلگەنىدىم، يەنە شۇ ياققا ماڭاي» دەپ ئۇزاق يول مېڭىپتۇ. ئەمما دېڭىزنى زادىلا تاپالماي بىر بىپايان قومۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. ھېلىقى گۈمبەزدىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. نەۋجاھان قومۇشلۇق ئىچىدە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە كېلىپ، بىر خانىقانى كۆرۈپتۇ. ئۇ: «ھەرنېمە بولسا بىر ئادىمىزات بار يەرگە كېلىپ قاپتىمەن» دەپ ئويلاپ خانىقاغا كىرىپتۇ. خانىقانىڭ ئىچىدىن: «مەرھابا باتۇر يىگىت» دەپ كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى چىقىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇر يىگىت، سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن جادۇگەرنىڭ تىلسىماتىدىن قۇتۇلدۇق، مەنمۇ سېھرى بەندىتىن ئازاد بولدۇم، سىزگە كۆپ رەھمەت، قېنى ئىچىگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇڭ. مەن ئاتا - ئانامنى چاقىراي، — دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوچاقتىكى ئوتقا ساپتۇ. ھايال ئۆتمەي بىر شامال بىلەن نۇرغۇن كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ خانىقا ئالدىغا چۈشۈپ، گۈزەل پەرىزاتلارغا ئايلىنىپتۇ. ئارقىدىنلا سەككىز پەرى قىز ئىككى ئالتۇن تەختنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ، تەختنىڭ ئۈستىدىكى مەلىكىنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئىكەن. مەلىكە ئاتا - ئانىسى ۋە پەرىزاتلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئاندىن:

— ئەي شاھ ئاتا، بۇ يىگىت مېنى جادۇگەردىن ئازاد قىلغان شەپقەتچىم بولىدۇ، — دەپ نەۋجاھاننى ئاتا - ئانىسىغا تونۇشتۇرۇپ، بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزادە نەۋجاھانغا سالام بېرىپ، ئەدەپ - قائىدىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ئادىمىزات بالىسى، باتۇر يىگىت، قىزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپسىز، بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن قىزىمىزنى سىزگە بەردۇق، نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي كوھىقاپ پادىشاھى، ياخشى كۆڭۈللىڭىزگە رەھمەت، مېنىڭ جۈپتى نىگارىم بار، مەلەكىنى ئەمرىڭىزگە ئالالمايمەن، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان. شۇ چاغقىچە پەرىزاتلار تويدا شاھزادە نەۋجاھانغا سالام بېرەلمەي تۇرغان خوتۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي شاھزادە نەۋجاھان، ۋاپادار جۈپتى نەگارىم، مەن مەلىكەم بىلەن بىر سائەتتە تۇغۇلغان، بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇق، كىچىككىمىزدە ئەگەر ئەرگە تەگسەك ئىككىمىز بىر ئەرگە تېگىمىز دەپ ئەھدىلەشكەنىدۇق، بىراق مەلىكەمنى جادۇگەر جىمار ئېلىپ قېچىپ، سېھىرگە بەند قىلغانىدى. پادىشاھىڭىزغا گۆھەر لازىم بولغاندا ئۆيدىمۇ گۆھەر بار ئىدى، ئەمما مەن سىزنى ئەتەي مەلىكەم بەند قىلىنغان تىلسىماتقا ئەۋەتتىم، مەقسىتىم سىز ئارقىلىق مەلىكىنى ئازاد قىلىپ كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئەھدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. مانا بۈگۈن مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان سائەتلەر يېتىپ كەلدى، مەن مىڭلارچە رازىكى، مەلىكىنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، — دەپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى ئەمرىگە ئاپتۇ. ھەممەيلەن بۇلارنى مۇبارەكلىشىپتۇ. ئۇلار قانغۇدەك مۇڭداشقاندىن كېيىن، پادىشاھ شاھزادە نەۋجاھاننى كوھىقاپ شەھىرىگە بېرىپ ماكانلىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ. نەۋجاھان بۇ تەكلىپكە جاۋابەن:

— ئەي شاھ ئاتا، خان ئانا، مەن بىر پادىشاھنىڭ تىككەندەك يالغۇز ئوغلى ئىدىم، بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ بىر بوۋايغا ئۇچرىدىم، بوۋايدىن چۈشنى سېتىۋېلىپ، سەپىرىمنى باشلىدىم. شۇندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىم ھەربىرلىرىڭگە مەلۇم. مەن ئاۋۋال ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چېيىنى مەن بىلەن بىللە ئىچكەن شۇ پادىشاھنىڭ بىر پەيالە چېيىنىڭ ھەققى – ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇ شەھەرگە قايتىپ، شاھ تەلەپ قىلغان گۆھەرلەرنى ئالدىغا قويۇپ رازى قىلسام، ئاندىن كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان، ئىز – دېرىكىمنى ئالالماي كۆزلىرىنىڭ گۆھىرى ئاققان شاھ ئاتام، خان ئانامنى تاپسام، ئۇلارنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئاتسام، ئۇلارمۇ كېلىنلىرىنى كۆرسە، «قىزىم» دەپ پېشانىسىغا سۆيسە دەيمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ كېيىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىغان كوھىقاپ پادىشاھى ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپتۇ ھەمدە نەۋجاھان بىلەن ھېلىقى شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنى رازى قىلىپ، ئاندىن نەۋجاھان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ كوھىقاپقا ياناقچى بوپتۇ.

ئۇلار نەۋجاھان ئورۇنلاشقان شەھەرگە كېلىپ، نەۋجاھانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان ئىككى دانە گۆھەرنى شايى ياغلىقتا ئوراپ قويىنىنى گۆھەر بىلەن توشقۇزۇپ، ئوردىغا مېڭىپتۇ. كوھىقاپ پادىشاھى ئون پەرىزاتنى ئۇنىڭغا قوشۇپ:

— سىلەر ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، شاھزادە نەۋجاھاننى قوغداپ ئوردىغا كىرىڭلار، ئەگەر ئۇلار شاھزادىگە چېقىلمىسا، سىلەرمۇ ھېچكىمگە چېقىلماڭلار، ئەگەر كىمدەكىم شاھزادىگە چېقىلسا، سىلەرمۇ شۇ كىشىنىڭ جاجىسىنى بېرىڭلار. باشقا ئادەملەرگە ھەرگىز چېقىلماڭلار، — دەپ يولغا ساپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرۈپ، شايى ياغلىقتىكى ئىككى دانە گۆھەرنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھقا چارە كۆرسەتكەن ھېلىقى ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— تۈزكور ئوغرى، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ؟ پادىشاھنىڭ غەزنىسىدىكى تۆت گۆھەرنى ئوغرىلاپ يەنە ئۇنى شاھقا تەقدىم قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋەزىرنىڭ تۆھمەتخورلۇقىنى كۆرگەن پەرىزاتلار چىداپ تۇرالماي: «تۆھمەتلىرىڭ ئۈچۈن بىر ئىنئام بېرەيلى» دېيىشىپ، ۋەزىرنى گەپ قىلسا كەكىلىكتەك كاكاھلايدىغان قىلىۋېتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، ئەگەر يەنە گۆھەر لازىم بولسا مانا گۆھەر، — شاھزادە نەۋجاھان شۇنداق دەپ بې-

لىدىكىنى يەشكەنىكەن، بىر قويۇن گۆھەر يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ كەينىگە كىرىپ تۆھمەتكە بېرىلگەن پادىشاھ ئوردا ئەھلىدىن قاتتىق ئۇيىلىپتۇ. ئەمما ئۇ بۇ نومۇسنى قان بىلەن يۇيماقچى بولۇپ، «جاللات» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ هامان تۆت جاللات چىقىپ نەۋجاهانغا ئېتىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ كاللىسى ئۆزلۈكىدىن تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پادىشاھ يەنە «جاللات» دەپ ۋارقىراپتىكەن، يەنە تۆت جاللات چىقىپ نەۋجاهانغا ئېتىلىپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ كاللىسى يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا قۇرئەندازلارنىڭ ئۆتكەندە ئېيتقان گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن پادىشاھ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ ئۆزىنى نەۋجاهانىنىڭ ئايىغىغا ئېتىپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. شاهزادە نەۋجاهان ئاچكۆز پادىشاهنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ ۋە ۋەزىرلەر ئىچىدىكى دىيانەتلىك، تەدبىرلىك بىر ۋەزىرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شاهزادە نەۋجاهان بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۆز شەھىرىگە ياناماقچى بوپتۇ. كوھىقاپ پادىشاھى:

— ئەي باللىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پات - پات يوقلاپ تۇرۇڭلار، بېشىڭلارغا قانداق كۈن چۈشسە، چېچىڭلارنى كۆيدۈرسەڭلار بىز شۇ هامان يېنىڭلارغا هازىر بولۇپ سىلەرگە ھەمدەم بولىمىز، — دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ، ئالتۇن تەختىراۋانغا چىقىپ كوھىقاپ شەھىرىگە قايتىپتۇ.

شاهزادە نەۋجاهان جۇپتى نىگارلىرىنى ئېلىپ، ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، يولنىڭ تاناۋىنى تارتىپ، بىر ئايلىق يولنى بىر كۈنگە قىسقارتىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئوغلىنى ۋە ئىككى كېلىنىنى كۆرگەن پادىشاھ بەختىيار بىلەن خانىش ئۇلارنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ ھەمدە قىرىق كۈن كاتتا توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، ھەر كۈنى غەزنىسىنى نەچچە قېتىم ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىن پەتنۇس - پەتنۇس ئالتۇن چاچقۇلارنى چېچىپتۇ. قىرىق كۈنلۈك توي - تاماشا ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ نەۋجاهاننى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن ئەمدى ياشىنىپ قالدىم، ئەمدى بۇ سەلتەنەت ساڭا خاس، — دەپ نەۋجاهاننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنىماي تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شاهزادە نەۋجاهان ئوردىدا ئالتۇن تەختتە، ئۆيدە قۇياش بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا بەختتە ياشاۋاتقانمىش، تۆھمەتخور ۋەزىر كەكلىكتەك كاكاهلاپ نەۋجاهاننى قاغاۋاتقانمىش، ئاچكۆز پادىشاھ چۆل كېزىپ پۇشايمان يەۋاتقانمىش، كوھىقاپ پادىشاھى نەۋرەمىنىڭ تويىنى بىر كۆرسەم دەۋاتقانمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى قەشقەر يېڭىشەھەر ناهىيە يامانيار يېزا پىلال كەنتىدىن سايىلخان يۇسۇپ؛ توپلاپ رەتلىگۈچى قەشقەر يېڭىشەھەر ناهىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## راھەت مېھنەتتە

سىر دەريا ئېقىنىدىكى توقايلىقتا بالىلىرى كۆپ بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى كىچىك بولغاچقا، «بۇلار تېخى كىچىك، بىرەر ئىشقا يارىمايدۇ» دەپ قاراپ، خوتۇنى بىلەن بالىلىرىنى توقايلىقتىكى كەپىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى شەھەردىكى بىر باينىڭ ئۆيىدە يۇگۇر - يېتىم ئىشلارنى قىلىپ، تاپقان پۇلغا بالىلىرىنىڭ قورسىقىنىمۇ تويدۇرالماي قىينىلىپ ياشايتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ باينىڭ ئۆيدىكى خىزمەتكارلارنىڭ بىرىدىن «دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغ باغرىدىن ئالتۇن تېپىلىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، كۆپ پۇل تېپىپ بالىلىرىنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچىسى ئېشىپ، تاغقا ئالتۇن كولىغىلى كەتتى. ئۇكىلىرى بىلەن كېسەلچان ئانىسىغا قاراش ۋە روزىغار غېمىنى قىلىش بولسا ئون ئىككى ياشلىق چوڭ ئوغۇلنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ كۈندە تاڭ سەھەردىن كۈن ئولتۇرغۇچە ئۇكىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ توقايلىقتىكى جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن تېرىپ يىغدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقىنىنى يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە سېتىپ پۇلىنى ئانىسىغا بەردى. ئانا چۆچۈرىدەك بالىلىرى مېھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن تاپقان پۇلنى ئىنتايىن تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىپ، ئاشقىنىنى يىغىپ قويىدى، ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يىغىلغان پۇلغا بىر ئېشەك سېتىۋالدى. ئۇلار يىغقان ۋە كەسكەن ئوتۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى يۇدۇپ ئاپىرىپ ئەتراپتىكىلەرگە ساتسا، يەنە بىر قىسمىنى ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە ئەكېلىپ ساتىدىغان بولدى. ئۇلار ئوتۇن چېپىش جەريانىدا بىر چەتتىن قۇرىغان توغراقلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ ئالغاچقا، يەرلەر تەبىئىيلا ئاغدۇرۇلۇپ، تۇپراق يۇمشاپ ماڭدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باش باھار يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئوتۇن سېتىپ يىغقان پۇللىرىغا ئۆكۈز ۋە ئۇرۇقلۇق بۇغداي سېتىۋېلىپ، توقايلىقتىكى يۇمشىتىپ قويغان يەرلەرنى قىينالمايلا ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىدى، كۈزدە ئۇلار بۇغدايدىن ھوسۇل ئالدى.

دادا شۇ كەتكەنچە ئۈچ يىلغىچە تاغ باغرىنى كولاپ ھېچقانداق ئالتۇننىڭ كېپىكىنىمۇ تاپالمىدى، تاغ باغرىدا يەنە تۇرۇۋېرىشكە ئىلاجى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆيىگە قۇ-رۇق قول قايتىشتىن ئويالدى ـ دە، شەھەردىكى بايدىن ئازراق پۇل قەرز ئېلىش مەقسىتىدە كېتىۋاتقە-نىدا، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدە تاغار ـ تاغارلاپ بۇغدايلارنى ئالدىغا دۆۋىلەپ قويۇپ سې-تىۋاتقان چوڭ ئوغلىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ھەيران بولغىنىدىن ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ئوغلى بولغان ئىشلارنىڭ بارلىق جەريانىنى ئۇنىڭغا سۆز-لەپ بەردى. دادا مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ئويالغان ھالدا دېدى:

— ھە، ئەسلى ئالتۇن ئۆيىمىزدە ۋە ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن ـ دە!

دادا ئوغلى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە يېڭىدىن يەرلەرنى ئېچىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ھالال مېھنەت بىلەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى نامراتلىقتىن قۇ-تۇلۇپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى.

## ئەما بالا

پەرغانىدە تۇغما ئەما بىر بالا بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قازىدىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆزۈم ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ؟

قازى جاۋاب بەردى:

— چۈنكى، سېنىڭ داداڭمۇ، ئاناڭمۇ سېپى ئۆزىدىن يالغانچى ۋە بالاخور ئادەملەر.

بالا بۇنى ئاڭلاپ ئۈندىمەستىن قىسمىتىگە تەن بېرىپ ياشاۋەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يولدا كې-تىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قانداقتۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە پۇتلاشقان نەرسىنى سىلاشتۇرۇپ تۇتۇپ بېقىپ ھېس قىلدىكى، ئۇنىڭ پۇتلىشىپ كەتكىنى يېرىمى يەرگە كۆمۈكلۈك، يېرى-مى سىرتىغا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئېغىر بىر نەرسە ئىدى. بالا ئۇنى كولاپ ئېلىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدىن سورىدى:

— قولۇمدىكى نېمە نەرسە ئىكەن؟

يولۇچى ھەيران بولۇپ جاۋاب بەردى:

— ۋاھ، بۇ ئالتۇنغۇ!

بالا قولىدىكىنى يولۇچىغا سۇنۇپ دېدى:

— مەڭ ئېلىڭ، بۇنى سىزگە بېرەي.

يولۇچى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ دېدى:

— ھوي، سەن ئالتۇننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەمسەن؟

بالا جاۋاب بەردى:

— ئالتۇننىڭ نېمىلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن، ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلى-مەن. بىراق، بۇ ئالتۇن مېنىڭ ئەمەس.

ئىنسابلىق ۋە دىيانەتلىك يولۇچى شۇنداق دېدى:

— بۇ ئالتۇن مېنىڭمۇ ئەمەس، ساڭا ئۇچرىغاندىكىن سېنىڭ بولسۇن.

يولۇچى شۇنداق دەپلا بالا بىلەن خەيرلىشىپ كېتىپ قالدى. بالا تۆت ئەتراپقا ئاڭلانغۇدەك ئۈنلۈك

ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئالتۇن يوقاتقانلار بارمۇ؟ كىم ئالتۇننى يوقىتىپ قويدى؟

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى، بالا ئۆيىگە باراي دېسە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يالغانلىرىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ـ دۇل قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ تېپىۋالغان ئالتۇننى قازىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇ كۈنى كەچتە، بالا ئۆيدە خاتىرجەم ھالدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا بولسا بىر مۆجىزە يۈز بەردى، ئۇنىڭ كور كۆزلىرى ئېچىلغانىدى...

## رەشك

پەرغانە ۋادىسىدا بىر موللا كىشى ياشايتتى، ئۇنىڭ شەرم ـ ھايالىق، نومۇسچان، پاكىز ۋە چىرايلىق بىر ئايالى بار ئىدى. لېكىن، موللا ھەددىدىن ئارتۇق رەشكى يامان كۈنلەمچى ئادەم بولغاچقا، ئايالىنى يې ـ نىدىن ئايرىمايتتى، يىل بويى ئۆيدىن تالاغا چىقارمايتتى ۋە ھېچبىر ئادەم بىلەن ئۇچراشتۇرمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئايالىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ تويغا كەتتى، ئايال ھويلىسىدىكى تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتى، تىلەمچى كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، ئايالنىڭ تىلەمچىگە رەھمى كېلىپ يېڭىلا تونۇردىن سويۇۋالغان ئىسسىق ناندىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ، تىلەمچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. دەل شۇ ۋاقىتتا تويدىن يېنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن موللا خوتۇنىنىڭ يات بىر ئەر بىلەن بىللە تۇرغىنىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى ۋە ئۆيىگە كىرىپلا ئا ـ يالىغا «ئۈچ تالاق» دېدى. ئايال ھەيران بولۇپ سورىدى:

— غوجام، قايسى خاتالىقىم، نېمە گۇناھىم ئۈچۈن مېنى تالاق قىلىسىز؟

موللا جاۋاب بەردى:

— سەن يات بىر ئەر بىلەن گەپلەشتىڭ.

ئايال ئېيتتى:

— ئۇ ئادەمگە سەدىقە بەرگەنىدىم، ئۇ ئەما ئىكەن.

موللا دېدى:

— ئەما بولسىمۇ ئۇ چوقۇم سېنىڭ يۈزۈڭگە قاراپ راھەتلەندى.

ئايال يەنە چۈشەندۈردى:

— ئۇ تىلەمچىنىڭ كۆزلىرى كۆرمەيدىغان تۇرسا.

موللا ۋارقىرىدى:

— ئۇنداق بولسا، سەن ئۇ ئەرنىڭ يۈزىگە قاراپ راھەتلەنگەنسەن؟ شۇنداق قىلىپ، ئايال تالاق قىلى ـ نىپ ئۆيدىن قوغلاندى ۋە بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى.

## جەسۇر ئايال

تىنچ، پاراۋان قاراقالپاق يۇرتىغا تۇيۇقسىز ياۋ باستۇرۇپ كەلدى. تەييارلىقسىز تۇرغان قاراقالپاق كىشىلىرى جەڭدە يېڭىلىپ ياۋغا ئەسىر چۈشتى. ياۋ سەردارى بۇ يۇرتتىكى ئەللىك ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ئەرلەر ۋە ئوغۇل بالىلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، پۇتلىرىنى كىشەنلىدى، ئۇ بۇ ئەسىرلەرنى يۇرتىغا

ھەيدەپ ئاپىرىپ قۇل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇلار يولغا چىقىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا بىبىئائىشە ئىسىملىك گۈزەل كېلىنچەك سەردارنىڭ ئىجازىتىسىزلا مەردانە قەدەم بىلەن بارگاھقا كىرىپ كەلدى ۋە سەرداردىن ئەلگە زۇلۇم قىلماسلىقنى، مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سەردار نۇرغۇن جايلارغا بېسىپ كىرگەن، قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ ھېسابسىز ئەسىرلەرنى قۇل قىلىپ ساتقان، لېكىن، ھېچبىر مۇسۇلمان يۇرتىدا بۇنداق گۈزەل ۋە جەسۇر ئايالنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بىبىئائىشەدىن سورىدى:

— ئەسىرلەر ئارىسىدا سېنىڭ نېمەڭ بار ئىدى؟

بىبىئائىشە جاۋاب بەردى:

— قىرىق ياشلىق ئېرىم بىلەن ئون ياشلىق ئوغلۇم، سەن ئۇلارنى مەندىن، يۇرت ماكانىدىن ئايرىپ قۇل قىلماقچى بولۇۋاتىسەن.

سەردار بىبىئائىشەدىن سورىدى:

— سەن ھەم گۈزەل، ھەم جاسارەتلىك، ھەم چېچەن ئايالدەك قىلىسەن. مەيلى، ساڭا ئۇلاردىن بىرىنى قالدۇرۇپ قوياي، قېنى ئۆزۈڭ تاللا، ئېرىڭ قالسۇنمۇ ياكى ئوغلۇڭ قالسۇنمۇ؟

بىبىئائىشە جاۋاب بەردى:

— ئېرىمنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئېرىم ئامان بولسا بىز يەنە ئوغۇل پەرزەنتلىك بولارمىز.

ئايالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان قانخور سەردارنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى، ئۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! ئەگەر، ئوغلۇڭنى قالدۇرۇپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلغىنىڭدا ئىككىلەنمەستىن كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلماقچى ئىدىم. ئەپسۇس، مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ساڭا ئوخشاش ۋاپادار بولسا قانداق ياخشى بولغان بولاتتى، ھە! ساڭا ئوخشاش ئەلگە ۋە ئەرگە ساداقەتلىك، دانا ھەم پاراسەتلىك ئايالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ جەڭدە يېڭىلگىنىم بولسۇن، يۇرتۇڭدىن ھېچكىمنى ئەسىر ئالمايمەن، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئازاد، ئۇلارغا ئىجازەت، ھەممە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ ئىلگىرىكىدەك خاتىرجەم تىرىكچىلىكنى قىلىۋەرسۇن.

## راستچىل مېھمان

يىگىت تۇل ئانىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ۋاپادارلىق كۆرسىتەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ ئاپىرىن ئېيتسا، ئۇ دائىم شۇنداق دەيتتى:

— مىننەتدارلىقنى ماڭا ئەمەس ئانامغا ئېيتىڭ، «ئاناڭغا رەھمەت، ئاناڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن» دەڭ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يىراقتىكى دادا جەمەت تۇغقانلىرىدىن بىرسى مېھمان بولۇپ كەلدى. يىگىت مېھمانغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسەتتى. يىگىتنىڭ بۇ پىداكارلىقى، ئوچۇق كۆڭۈل ۋە ئوچۇق قوللۇقىغا قايىل بولغان مېھمان ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەپ شۇنداق دۇئا قىلدى:

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن!

يىگىت تەكەللۇپ بىلەن ئېيتتى:

— ئەزىز مېھمان، سىز ماڭا ئەمەس ئانامغا، «ئاناڭغا رەھمەت، ئاناڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن» دەپ دۇئا قىلىڭ. كۆپنى كۆرگەن مېھمان كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋاي نادان ئوغلۇمەي، ئانام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن دېسەڭ، نېمىشقا ئۇنى ئەرگە بەرمەيسەن؟

مېھماندىن كۈتمىگەن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ جەھلى چىقىپ قوشۇملىرى تۈرۈلدى ۋە دېدى:

— سىزدىن بۇنداق ھۆرمەتسىزلىكنى كۈتمىگەنىدىم، بۇ ماڭا ۋە ئانامغا ھاقارەت قىلغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەدەپ جۇملىسىدىن ئەمەسقۇ؟

سۈكۈتتە تۇرغان ئانا گەپكە ئارىلاشتى:

— جان بالام، مېھمانغا ئازار بەرمە، مېھمان توغرا ھەم راست گەپنى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، شۇ گەپتىن كېيىن يىگىت كاتتا توي قىلىپ ئانىسىنى شۇ مېھمانغا ئۇزاتتى.

## ئاقىلبەگ

بۇخارادا ئابرۇيلۇق، بالىلىرى كۆپ بىر كىشى ياشايتتى، ئۇنىڭ سەككىزىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئاقىلبەگ ئىدى. ئاقىلبەگ قېرىنداشلىرى ئىچىدە ھەممىدىن ئەقىللىق، ئاتا - ئانىسىغا ئاكا - ئۇكىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ۋاپادار، كۆيۈمچان بولۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ ئەل ئارىسىدا كاتتا ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا ئۇنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا زىيادە كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئاكا - ئۇكىلار چوڭ بولغانسېرى ئاقىلبەگكە ھەسەت قىلىشقا باشلىدى ۋە بىرلىشىپ ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇشتى. ئالدى بىلەن ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىقلار بىلەن ئاقىلبەگنى دادىسىغا يامان كۆرستىشكە باشلىدى، ئاخىر ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ باردى ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدۇردى. دادا سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ ئۇنى تىرىك قالدۇرۇش مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ قازىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى ۋە دېدى:

— قازى جانابلىرى، ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن گېپىڭىزدىن يېنىش ساڭىمۇ قىيىن بولىدۇ، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئالغىن - دە، بىرىگە «ئازاد بولدۇڭ»، يەنە بىرىگە «ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن» دېگەن خەتنى ياز، ئۇنى ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا تاشلا، ئوغلۇمنىڭ قولىغا قايسى خەت يېزىلغان قەغەز چىقسا سەن شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقارغىن، ئەنە شۇندا سەندىن رەنجىشىم يوق، نېمە بولسا ئوغلۇمنىڭ تەقدىرىدىن كۆرەرمەن.

قازى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلدى. دادا ئۆيىگە قايتىپ ئوغلىنىڭ ھايات قېلىشىغا كىچىككىنە ئۈمىد تۇغۇلغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆيدىكىلەرگە ئېيتتى. قېرىنداشلىرى ئاقىلبەگنىڭ قولىغا «ئازاد بولدۇڭ» دەپ يېزىلغان قەغەزنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىچىگە لىققىدە تىللا توشقۇزۇلغان ھەميانني كۆتۈرۈپ، يېرىم كېچىدە قازىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى ۋە ئۇنىڭغا ھەميانني بېرىپ دېدى:

— ھەر ئىككى پارچە قەغەزگە «ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن» دېگەن خەتنى ياز، ئۇ مەيلى قايسى قەغەزنى قولىغا ئالسۇن، تەقدىرى ئۆلۈم بىلەن خۇلاسىلەنسۇن.

تاڭ ئېتىشى بىلەن جارچىلارنىڭ جار سېلىشلىرى ئەتراپنى قاپلىدى. ئاقىلبەگنىڭ قەتل قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شەھەر خەلقى ئاقىلبەگنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن جازا مەيدانىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى. دار ئاستىغا ھەيدەپ كېلىنگەن يىگىتنىڭ ئالدىغا قازى ھەر ئىككى پارچىسىغا «ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن» دېگەن خەت يېزىلغان قەغەزنى تاشلاپ ئۇنىڭغا بۇيرىدى:

— ساڭا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن بېرى سەن گۇناھىڭنى بوينۇڭغا ئالماي، ھۆكۈمگە نارازى بولۇپ ھەق - ناھەق، ئەدلۇ ئادالەتتىن سۆز ئېچىپ كەلدىڭ، مانا بۇ ئىككى پارچە قەغەزنىڭ بىرىگە «ئازاد بولدۇڭ»، يەنە بىرىگە «ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، ئۆزۈڭ تاللاپ بىر پارچىسىنى

قولۇڭغا ئالسەن، قولۇڭدىكى قەغەزگە نېمە يېزىلغان بولسا شۇ بويىچە ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. قېنى، قەغەزلەردىن بىر پارچىنى قولۇڭغا ئالغىن، قالغىنىنى تەلىيىڭدىن كۆر.

پۈتۈن مەيدان جىمجىتلىققا چۆمدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇچىغۇچىلىرىدا ئوغانلىقىنى پەملىگەن ئەقىللىق، دانا ئاقىلبەگ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— بوپتۇ، نېمە بولسا تەقدىرىمدىن كۆرەرمەن، — دەپ قەغەزلەرنىڭ بىر پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپمۇ كۆرمەستىن ھاپلا قىلىپ ئاغزىغا سېلىپلا يالماپ يۇتىۋەتتى ۋە دېدى:

— قازى جانابلىرى، قېنى قولىڭىزدا قالغان قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇڭ.

جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە قانداقتۇر بىر باھانىلەرنى تېپىشقا ئىلاجسىز قالغان قازى ئامالسىز قېپقالغان قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇغان بولۇپ دېدى:

— بۇ قەغەزگە «ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن» دېگەن خەت يېزىلىپتۇ. دېمەك، سەن «ئازاد بولدۇڭ» دەپ يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپسەن، ھازىردىن باشلاپ ئازاد بولدۇڭ.

## مەردان

ياركەنت دىيارىدا مەردان ئىسىملىك ئەقىللىق يىگىت بار ئىدى. ئۇ قولى ئىشتىن بوشىغان ھامان يارۇ دوستلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك ھەمسۆھبەت بولۇپ ئەركىن - ئازادە ياشايتتى. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا دوستلىرىدىن مېھرىبانلىقىنى ۋە ياردىمىنى ئايىمايتتى ۋە مەيلى قەيەردە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ھەر سائەتتە تۆۋەندىكى بېيىتنى زىكىر قىلىشتىن توختىمايتتى:

بۈگۈن قولدا بار ئىكەن يىگىتلىكنىڭ دەۋرانى،
غەيرەت قىل، ئاغرىمىسۇن سەندىن ھېچكىمنىڭ جانى.
ياخشىلىقنىڭ باھارى دائىم بىرخىل تۇرمايدۇ،
بىر كۈن نۇقسان يېتەرۇ پەيدا بولۇر خازانى.

مەرداننىڭ تىلى بىلەن دىلى، دىلى بىلەن سۆز - ھەرىكىتى بىر ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل خۇلق ئەدەبى شاراپىتىدىن ھەممە كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا غۇلاملىق كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى.

گۈزەل يۈزلەرىگە گەر، چىرايلىق خۇلق بولسا يار،
قايگە قەدەم قويماسۇن، بارچە ئەڭا تەلەپكار.

## ئانا

قەدىمدە فەرغانە ۋادىسىدا دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماي ياشاشقا ئادەتلەنگەن، ساۋاتسىز بىر قوۋم ياشايتتى. ئۇلار ساۋاتسىزلىقى، نادانلىقى سەۋەبىدىن خورلانسىمۇ، بوزەك ئېتىلسىمۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشنى خالىمايتتى. بۇ خورلۇق ۋە ئېزىلىشلەر جېنىغا پاتقان بىر مېھرىبان ئانا ئەتىۋارلىق يالغۇز ئوغلىنى بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئوغلى بولسا ئىللىق ئائىلىسىدىن، گۈزەل يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالىمىدى ۋە ئەزەل-

دىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇمنى بۇزۇشقا پېتىنالماستىن ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئىلاجسىز قالغان بۇ ئىرادىلىك ئانا ئوغلىنى بۇخاراغا كېتىشكە مەجبۇرلىدى، ئوغۇل ئانىسىدىن يامانلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئانا ئوغلىنى ئۇزىتىپ يۇرتنىڭ ياقىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ قالدى. ئوغۇل شۇ كەتكەنچە بۇخارا، سەمەرقەند، كاشغەر قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كاتتا ئەللامە بولۇپ يېتىشىپ چىقتى ۋە ئايرىلغىنىغا بىرقانچە يىل بولغان يۇرتىنى ۋە مېھرىبان ئانىسىنى سېغىنىپ يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇ يۇرتىنىڭ مەيىن شاماللىرى يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئىسنىڭ ھىدى بۇرنىغا پۇرىغاندا كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئېگىز تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان بىرسىگە كۆزى چۈشۈپ يېقىنلاپ كېلىپ قارىدى، ئۇ دەل ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى. ئوغۇل غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلانغانىدى، ئانىسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ئوغۇل ئانىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بىلدىكى، ئانا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان گەۋدىسى تىك تۇرغانىدى.

ئەسلىدە، ئوغۇل ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن ئانا ئوغلىنىڭ ئىلىملىك كىشى بولۇپ قايتىپ كېلىشىنى ۋە ئوغلى قايتىپ كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، شۇ تۆپىلىكنى ماكان تۇتقان ھەم شۇ يەردە جان تەسلىم قىلغانىدى.

## ئانا ھەققى

ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ سارىيىدا خانغا مايىل، كۆپكە قادىر، بىلىملىك ۋە دانا بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ مىرزىخانىدا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. خانلىقنىڭ كۈندىلىك جىددىي خەت - چەكلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. لېكىن، دانالارنى ھەۋەستە، نادانلارنى ھەسەتتە قالدۇرۇۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ بىر ئەيىبى بار بولۇپ، كۈندە دېگۈدەك ئىشقا كېچىكىپ كېلەتتى. بۇ ھال خاننىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇنداق نازۇك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان خادىمنىڭ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىقى خاننىڭ غەزىپىنى قوزغىدى ۋە ئۇنى جازالىماقچى بولدى. ئەمما خان ئالدى بىلەن يىگىتنىڭ كېچىكىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ بىلىشنى زۆرۈر تېپىپ، بۇنداق دانا يىگىتنىڭ كەينىدىن كۆزىتىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشقا ئىشەنچ قىلالماي، بۇ ئىشنى پىنھان ھالدا ئۆزى قىلماقچى بولدى.

بىر كۈنى ئەمىر ئۆمەرخان سەھەردە پۇقراچە كىيىنىپ ئوردىدىن چىقىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە باردى، كۆردىكى، يىگىت ياشىنىپ ئاغزىدا چىشلىرى قالمىغان ئانىسىغا ئۆز ئاغزى بىلەن نان چايناپ يېگۈزۈۋاتقانىدى. ئەنە شۇ چاغدا خان يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە «ئانىسىنى مانا شۇنداق ھۆرمەتلىگەن، ئانا ئەجرىگە ئەنە شۇنداق جاۋاب قايتۇرغان، گۆدەكلىكىدە ئانىدىن ئالغانىنى، يىگىتلىكىدە ئەنە شۇنداق قايتۇرغان كىشىنىڭ ھەرقانداق گۇناھى بولسا ئۆتتۈم» دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە.

## ئانا مېھرى

ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان ئايال يالغۇز ئوغلىنىڭ ئۆگەي ئاتا ئالدىدا خارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قايتا ياتلىق بولماستىن، شۇ بىر تال ئوغلىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، كىشىلەر ئە-

شىكىدە پايپېتەك بولۇپ ئىشلەپ، ئوغلىنىڭ خاتالىرى ئۈچۈن باشقىلار ئالدىدا سارغىيىپ، ئوغلىنىڭ ھەر بىر كۈلكىسى ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ ئون خاتاسىنىڭ بىرى ئۈچۈن نەسىھەت قىلغاندا ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ، «كۆز قارىچۇغۇم بالام، يانغان چىراغىم بالام، شوخقىنە بوتىلاقىم بالام» دەپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، خاتالىرىنى تۈزىتىشكە يېتەكلىسە، بىرەر ئىشقا بۇيرۇغاندا پۈتۈنلەي ئوغلىنىڭ خاھىشىغا قارايتتى. ئانا مۇشەققەت ئىچىدە تىرىشىپ - تىرمىشىپ روزغار كەچۈرۈش بىلەن بىللە ئوغلىنى ئىلىملىك، ئەلگە يارامىلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ئارزۇسىدا يىغقانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئوغلىنى بۇخارادىكى داڭلىق ئەللامىنىڭ تەربىيەسىگە ئەۋەتتى. ئارىدىن ئون يىللار ئۆتتى، ئوغۇل كاتتا يىگىت، تولغان ئەللامە بولۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بەللىرى مۈكچەيگەن، كۆزلىرى خىرەلەشكەن، يۈزلىرىنى قورۇق قاپلىغان ئانا يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئوغلى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. لېكىن، ئانىنىڭ تورۇۋاتقان چېدىرى، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىشۇرغان بوغۇرساق - شىرىنلىكلىرى، ئۇيۇتقان قېتىق - قايماقلىرى، تەييارلىغان غىزالىرى يىگىتكە ياقمىدى. يىگىتنىڭ كۈنلىرى سەھەردىن شامغىچە يۇرتتىكى كاتتىلار بىلەن مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتەتتى. ئانا بولسا ئوغلى بىلەن بىللە غىزالىنىش ئۈچۈن بوسۇغا ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتەتتى. ئەمما ئانىنىڭ بۇ قىلىقلىرى ئوغلىنىڭ جەھلىنى چىقىرىپ، ئوغىسىنى قاينىتاتتى. يىگىت ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئانىسىنى ئەيىبلەيتتى، دەشنەم بېرەتتى، ھەتتا قوپال سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى، ئانا نېمىلا قىلسۇن يىگىت ئانىسىدىن نارازى ئىدى. ئانا ھەممە ئەيىبنى ئۆزىدىن كۆرۈپ ئوغلىدىن كەچۈرۈم سورايتتى ۋە ئوغلى ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر ئانا ئوغلىغا ئۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا، ئوغۇل قولىدىكى كىتابنى ياكى شاراب تولدۇرۇلغان جامنى ئانىسىنىڭ بېشىغا ئېتىپ دېۋەيلەپ كېلەتتى، ئانا قورقۇنچىدا ھەممىگە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئانا ھەمسايىلىرىنىڭ ئوغلى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرى سەۋەبىدىن ئوغلىغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ تەمشەلدى، ئوغۇل بولسا «مەن سەندەك سەھرالىق ئەمەس، سەن مەندەك ئىلىملىك ئەمەس، سەن دەۋر دانىشمەنىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك» دەپ ئانىسىنىڭ بېشىغا تەنە تاشلىرىنى ياغدۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ مەھەللە يېنىدىكى توقايغا بېرىپ ئورمان ئىچىدىكى گۈزەل بىر جايدا قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا مۇشتاق بولۇپ ئولتۇردى. دەل شۇ پەيتتە، يالغۇز كۈچۈكنى ئەگەشتۇرۇپ ھالسىرىغىنىچە كېلىۋاتقان ئىتقا كۆزى چۈشتى ۋە زېرىككەن كۆڭلىگە ئەمەك بولسۇن ئۈچۈن تىۋىش چىقارماستىن ئىتنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ھېس قىلدىكى، ئېچىرقىغان ئىت كۈچۈكىگە ئوزۇق ئىزدەۋاتاتتى، ئىت بىر ھازا ئىزدىنىپ ئاخىر شەپە چىقارماستىن ئېتىلىپ بېرىپ بىر قىرغاۋۇلنى تۇتۇۋالدى - دە، ئۇنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇپ پاكىزلاپ كۈچۈكىگە بەردى، كۈچۈك يالماپ يۇتۇپ ئولجىنى پاك - پاكىز يەۋەتتى. كۈچۈكنى تويدۇرغان ئىت مەمنۇن بولۇپ ھالسىرىغان تېنىنى يەرگە تاشلاپ ماغدۇرىغا كېلىۋالماقچى بولدى. قارنى تويغان كۈچۈك سەكرەپ، تاقلاپ، ئېتىلىپ كېلىپ ئانىسىنى تالاشقا كىرىشتى. ھەممىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان يىگىت كۈچۈكنىڭ قىلمىشلىرىغا غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇردى - يۇ، بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، ئانىسىدىن كەچۈرۈم سورىماقچى بولۇپ ئۆيىگە يۈگۈردى.

## جەزىرىدىكى كەمپىر

پەرغانە ۋادىسىدا كېتىۋاتقان كارۋان يول توسار قاراقچىلار تەرىپىدىن تالاپەتكە ئۇچرىدى، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا نىمجان ھالەتتە جېنىنى ساقلاپ قالغان زەردار چۆلدە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر چېدىرغا

يېتىپ كەلدى. بۇ ئاددىيغىنا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چېدىردا ياشانغان كەمپىر يالغۇز ياشايتتى. ھايات قېلىشىغا قايتىدىن ئۈمىدلەنگەن زەردار ئۆزىنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى كەمپىرگە سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن يېگۈدەك بىرەر نەرسە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. كەمپىر ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەزىز مېھمان، ئەنە ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان جايدا يىلانلار ياشايدۇ، بېرىپ بىرقانچىنى تۇتۇپ كەل، پىشۇرۇپ يەيلى.

زەردار ھەيران بولۇپ جىددىي ھالەتتە دېدى:

— كەچۈرۈڭ ئانا، مەن قانداقمۇ يىلانلارنىڭ يېنىغا بارالايمەن، بارغان تەقدىردىمۇ يىلانلارنى تۇتالىشىم مۇمكىن ئەمەسقۇ؟

كەمپىر ئويناقلاپ يۈرگەن يالغۇز ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ زەردارغا دېدى:

— بالام، بۇ دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەنسەن، جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، يۈر بولمىسا مەن سەن بىلەن بىللە باراي.

زەردار ئىلاجسىز كەمپىرگە ئەگەشتى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق قورقۇنچىنى يەڭدى. زەردار كەمپىرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئىتىنىڭ ياردىمىدە يىلاندىن بىرقانچىنى تۇتتى. ئۇلار چېدىرغا قايتىپ كېلىپ يىلاننىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ پىشۇرۇپ يېدى. زەردار كەمپىردىن سۇ سورىدى. كەمپىر ئۇنىڭغا دېدى:

— بالام، ئەنە ئاۋۇ يىراقتىكى يالغۇز چىنارنىڭ يېنىدا كىچىككىنە بۇلاق بار، شۇ بۇلاقتا بېرىپ سۇيىدىن ئىچىپ تەشنالىقىڭنى قاندۇر.

زەردار كەمپىرنىڭ دېگىنى بويىچە چىنار تۈۋىگە بېرىپ بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى، سۇ ناھايىتىمۇ قىرتاق ۋە سېسىق ئىدى. زەردارنىڭ كەمپىرگە ئىچى ئاغرىدى ۋە سورىدى:

— ئەي ئانا، نېمىشقا مۇشۇنداق بىر جاينى ماكان تۇتتىڭىز؟ نېمە سەۋەبتىن بۇنچە قىينىلىپ ياشاشقا رازىسىز؟

كەمپىر جاۋاب بەردى:

— بالام، كۆپ جايلارنى كۆرگەنمەن، لېكىن بۇ جايدىن تىنچراق ۋە بۇ ماكاندىن ياخشىراق بىرەر يەرنى ئۇچراتمىدىم.

زەردار كەمپىرگە دېدى:

— بىلمىسىڭىز كېرەككى، بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا ئابىچەشمىلەر شۇنداق كۆپ، سۇلىرى ئىنتايىن سۈزۈك ۋە شېرىن، باغلار، ئورمانلار، گۈل ـ گىياھلار، شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەر، لەززەتلىك تائاملار جەننەتنى ئەسلىتىدۇ. ئەجەبا، شۇنداق جايلارنى كۆرمىگەنمۇ سىز؟ يىلان گۆشىنى يېسە ھېچ زەرەر يەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

كەمپىر كۈلۈپ تۇرۇپ زەرداردىن سورىدى:

— بىلمەن بالام، بۇنچە ساپ ھاۋالىق، مەئىشەتلىك گۈزەل ماكاندا نازۇ نېمەتلەر بىلەن بىللە سىلەرگە بىراۋنىڭ زۇلمى ۋە تەھدىتى، باج خىراج ۋە ئالۋان سېلىش خەۋپىمۇ باردۇ؟

زەردار جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە، پادشاھ ئەمىرلەر بار، ئۇلارنىڭ مۇلازىم، سەردار، نۆكەرلىرى خالايىقتىن باج، ئالۋان يىغىش ئۈچۈن بەزىدە زۇلۇم قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

كەمپىر ئېغىر ئۇھسىنىپ زەردارغا دېدى:

— سىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلاردا يېگەن شېرىن - شېكەر نازۇنېمەتلىرىڭلار، زوراۋانلارنىڭ جەۋر - زۇلمى ئاستىدا زەھەر ۋە ئۇغىغا ئايلىنىدۇ. مېنىڭ بۇ جەزىرىدە غېرىبانە كەپەمدە ئىچكەن زەھەر ۋە ئۇغىمۇ ھەرقانداق شېرىن شەربەتتىن تاتلىق تېتىيدۇ.

## مەلىكە دىلسۆز

ھىندىستاندىن سەمەرقەندكە قاراپ يولغا چىققان كارۋان بىرقانچە كۈن ئۈزۈلمەي چىققان قارا بوراننىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. جېنىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا قالغان سودىگەر، زىيارەتچى ۋە سایاھەتچىلەر تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ بوراندىن پاناھلىنىدىغانغا جاي ئىزدەشتى. شۇ چاغدا بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان بەش نەپەر كىشى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بىر تاشلاندۇق گۈمبەزگە كېلىپ پاناھلاندى ۋە بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ سەپەرداش ھەمراھلاردىن بولۇپ قالدى. بوران توختىدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ مەنزىلى بىر ئىدى. ئۇلار سەمەرقەند شەھىرىگە قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ يېنىدا چىرايلىق بىر قۇتا بار بولۇپ، ئۇ پات - پات شۇ قۇتىسىنىڭ يېنىدا بار - يوقلۇقىغا قاراپ قوياتتى. بۇ ھال باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئارىدىن بىرسى بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتتى، قۇتىدا قىممەت باھا ساپ گۆھەر بار ئىدى. كەچ بولغاندا ئۇلار بىر ئۆتەڭگە كېلىپ قوندى. تاڭ ئاتقاندا زەردار يېنىدىكى قۇتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلدى. ئېنىقكى، ئۇنى ھەمراھلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئوغرىلىۋالغانىدى. زەردار ھەمراھلىرىدىن قۇتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى، لېكىن قانداقلا يېلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ، ھېچبىرسى قۇتىنى ئالغانلىقىغا ئىقرار بولمىدى. زەردار ئىلاجسىز دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئاخىر سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى ۋە بىر - بىرسى بىلەن خەيرلىشىپ ئايرىلىشتى. زەردار دەرھال خان ئوردىسىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى:

— خان ئالىيلىرى، مەن ھەرقانداق بىر پادىشاھنىڭ غەزىنىسىدە يوق، ئىنتايىن كەم تېپىلىدىغان بىر ساپ گۆھەرنى سىزگە سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىۋاتقانىدىم، يولدا تۆت نەپەر يولۇچى بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالدىم، قونالغۇدا كېچىسى گۆھەرنى ئوغرىغا بېرىپ قويدۇم، ھەمراھلىرىمدىن سورىسام ئالغىنىغا ئىقرار بولۇشمىدى.

خاننىڭ ئەمرى بىلەن زەردارنىڭ تۆت نەپەر سەپەرداشى تۇتۇپ كېلىندى ھەمدە ئۇلارنى زىندانغا تاشلاپ قانچە قېيىن - قىستاققا ئالسىمۇ ھېچبىرى گۆھەرنى ئالغانلىقىغا ئىقرار بولمىدى. خان بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، لېكىن گۆھەرنى تېپىۋالماستىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قويۇپ بېرىشكە ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولمايتتى. خاننىڭ لاتاپەتلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز دىلسۆز ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. دادىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە غەزەپكە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە دىلسۆز خانغا دېدى:

— جان دادا، سىز شۇ تۆت نەپەر سەيياھنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، مەن گۆھەرنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى تېپىپ چىقاي.

خاننىڭ ئەمرى بىلەن مەھبۇسلار زىنداندىن ئېلىپ چىقىلىپ مەلىكە دىلسۆزنىڭ قەسرىگە كەلتۈرۈلدى. مەلىكە دىلسۆزنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى كىشەنلەر ئېلىۋېتىلدى ۋە ھاممامدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، يېڭى شاھانە زەرباب تون ۋە سەرۇپالار كىيدۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە دىلسۆز ئۇلارغا دېدى:

— سىلەر دۇنيا كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان، كۆپنى بىلىدىغان دانا كىشىلەر. مەن

ئوردىدىن چىقماي زېرىكىپ ئولتۇرىمەن، شۇنى بۇيرۇيمەنكى، كۈندە كېلىپ جاھان ھادىسىلىرىدىن، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭلاردىن ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىسىلەر.

شۇنىڭدىن كېيىن، تۆت نەپەر سەيياھ كۈندە مەلىكە دىلسۇزنىڭ قەسىرىگە كېلىپ كەچۈرمىشلىرىنى، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەردى. مەلىكە دىلسۇز ئۇلارنى ئېسىل نازۇ نېمەتلەر ۋە شېرىن شەربەت، شارابلار بىلەن مېھمان قىلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكە دىلسۇز سەيياھلار بىلەن سىرداش سۆھبەتداشلاردىن بولۇپ قالدى، ئۇلار ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا تارتىنماستىن پاراڭلىشىدىغان ھالغا يەتتى. بىر كۈنى مەلىكە دىلسۇز ئۇلارغا:

— سىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، بىر جاھانكەزدى سەيياھ ئوردىغا كېلىپ كېتىپ تۇراتتى، ئۇمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ماڭا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە جاھان ھادىسىلىرىدىن ئىلىم بېرەتتى، ئۇ كىشى بۇ نۆۋەت سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن كېلىپ مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە ماڭا تېپىشماق تۈرىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشىمنى ۋەزىپە قىلىپ كەتكەندى. مەن كېچە - كۈندۈز ئويلاپمۇ، ئوردىدىكى دانىشمەنلەرگە مۇراجىئەت قىلىپمۇ بۇ ھېكايىنىڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋابىغا ئېرىشەلمىدىم. سىلەردىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بۇ ئىشتا ماڭا ياردەملىشىپ شۇ ھېكايىنىڭ جاۋابىنى تېپىشىپ بەرسەڭلار سىلەردىن مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دېدى.

سەيياھلار بىردەك قۇللۇق بىلدۈرۈپ دېيىشتى:

— قۇللۇق، قېنى مەلىكەم، مەرھەمەت قىلىپ شۇ ھېكايىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭ.

مەلىكە دىلسۇز پەردە ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، بىر پادىشاھنىڭ دىلئارام ئاتلىق ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئون تۆت ياشلاردىكى مەلىكە دىلئارام كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە چاھارباغنى سەيلە قىلىۋېتىپ باشقا گۈللەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ پورەكلەپ ئېچىلىپ پۈتۈن ئەتراپقا خۇش ھىدىنى تارقىتىپ تۇرغان قىزىل گۈلگە كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە شۇ گۈلنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، باغۋەننىڭ ئوغلى گۈلنى ئۈزۈپ مەلىكە دىلئارامغا تەقدىم قىپتۇ. بۇ يۇرتتا كىمكى بىراۋغا ئۆزى پەرۋىشلەپ ئۆستۈرگەن قىزىل گۈل تەقدىم قىلسا شۇ كىشى گۈلنى قوبۇل قىلغۇچىدىن تەلەپ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدىغان بىر ئادەت بار ئىكەن. ئادەتكە بىنائەن مەلىكە دىلئارام يىگىتتىن سوراپتۇ:

— تىلە تىلىكىڭنى، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

باغۋەننىڭ ئوغلى نادانلىقى ۋە تەنتەكلىكىدىن شۇنداق تەلەپ قىپتۇ:

— سەن بويىۇڭغا يېتىپ ياتلىق بولغاندا، ۋىسال بېغىڭدىن بىرىنچى گۈلنى مەن ئۈزسەم.

مەلىكە دىلئارام ئۇدۇمغا ئاساسەن نائىلاج يىگىتنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ لەۋزە قىپتۇ ۋە يىگىت بىلەن ئەھدىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ مەلىكە دىلئارام ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، باش ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىپتۇ، نىكاھ كېچىسى مەلىكە دىلئارام ۋەزىرزادىگە دەپتۇ:

— مەن تۆت يىل ئىلگىرى چاھارباغدىكى باغۋەننىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدىلەشكەنمەن، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش گۈزەل پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر، ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ باغۋەن يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلسەم.

ۋەزىرزادە بۇ ئىشنى ئوردىدىكى ھەرقانداق بىر كىشىدىن پىنھان تۇتۇش شەرتى بىلەن مەلىكە دىلئارامغا ئىجازەت بېرىپتۇ. مەلىكە دىلئارام ئۆزى يالغۇز باغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم يولدا تۇساتتىن بىر شىر ھۆركىرەپ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى يېمەكچى بوپتۇ، ئۇ شىرغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شىرلارنىڭ ئارىسلانى، قارىغاندا بۈگۈن ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ، ھەرقانداق بىر بەندىنىڭ تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاجى يوق، لېكىن كىچىك ۋاقتىمدا باغۋەننىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدىلەشكەنىدىم، ھازىر ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىمەن، ماڭا بىرئاز ۋاقىت بەر، باغۋەن يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، سېنىڭ يېنىڭغا كېلەي، شۇندا مېنى قانداق ئۇسۇل بىلەن يېسەڭ ئۆزۈمنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇراي.

شىر مەلىكە دىلئارامنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. مەلىكە دىلئارام شىر بىلەن خەيرلىشىپ چاھارباغقا يېتىپ كېلەي دېگەندە تام ئۈستىدىن بىر ئوغرى سەكرەپ چۈشۈپتۇ، ئۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرى ھەم قىممەت باھا زىننەت بۇيۇملىرىغا قاراپ «ئاھ خۇدا، ئاخىر تىلىگىنىمنى بەردىڭ، ساڭا مەدھىيەلەر بولسۇن» دەپ قىزغا تاشلىنىپتۇ. مەلىكە دىلئارام ئوغرىغا دەپتۇ:

— ئەي ئادەملەرنىڭ ياخشىسى، ئەركەكلەرنىڭ مەردانىسى، مەن تۆت يىل ئىلگىرى باغۋەننىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدىلەشكەنىدىم، ھازىر ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىمەن، ئىجازەت بەرسەڭ مەن چاھار باغقا كىرىپ باغۋەن يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ چىقسام ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يېنىڭغا كېلىپ ئىختىيارىمنى ساڭا تاپشۇرسام. ئەگەر خالىساڭ ئۈستۈمدىكىدىنمۇ كۆپ جاۋاھىرلارنى ساڭا بېرىمەن.

ئوغرى مەلىكە دىلئارامنىڭ شىجائىتى ۋە پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئەي گۈزەل قىز، سەن گەرچە ئاجىز بولساڭمۇ ناھايىتى جاسارەتلىك، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان قىز ئىكەنسەن، ئەجەبا شۇنداق بىر قىزغا ئۆزىنى مەرتلەرنىڭ مەردانىسى دەپ يۈرگەن بىر ئادەم خىيانەت قىلارمۇ؟ ساڭا ئىجازەت، قېنى يولۇڭغا كېتىۋەر.

مەلىكە دىلئارام چاھارباغقا كىرىپتۇ، دادىسىنىڭ قولىدىن پۈتۈن ئىشنى ئالغان باغۋەن يىگىت ئۇنى كۆرۈپ قەددىنى پۈكۈپ مەلىكە دىلئارامغا قۇللۇق بەجا كەلتۈرۈپتۇ. مەلىكە دىلئارام باغۋەن يىگىتكە دەپتۇ:

— ئەي باغۋەن يىگىت، مەن تۆت يىل بۇرۇنقى ئەھدىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆزۈمنى ساڭا بېغىشلىغىلى كەلدىم.

باغۋەن يىگىت يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، سىز كىم، مەن كىم، مەن شۇ ۋاقىتتا تەنتەكلىك قىلىپ سىزگە شۇنداق بىر گەپنى دېگەنىكەنمەن، بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرۈڭ، مەن ئۇ گەپنىڭ بەھرىدىن كەچتىم، ئۆيىڭىزگە ئامان - ئېسەن قايتىپ كەتكەيسىز.

مەلىكە دىلئارام چاھارباغدىن چىقىپ ئوغرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا باغۋەن يىگىتنىڭ ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوغرى باغۋەننىڭ شەخسىيەتسىزلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ «بىر باغۋەن گاداي قىلغان مەردانىلىك مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەسمۇ؟» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ مەلىكە دىلئارامنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. مەلىكە دىلئارام قەسىرگە قايتىپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، شىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. تويۇقسىز شىر تىلغا كېلىپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئەي ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى، ئەھدىگە ئەمەل قىلغۇچى مەلىكە، مەن شىر ئەمەس، بەلكى سېنى ئۆلتۈرۈپ داداڭنىڭ تاجۇ تەختىگە ئېرىشىشنىڭ كويىدا يۈرگىنىمگە ئۇزاق يىللار بولغان سېھىرگەرمەن. لېكىن، سېنىڭ ئەھدىڭگە ئەمەل، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىدىغان شىجائەت ۋە جاسارىتىڭگە قايىل بولدۇم، سېنى ئۆلتۈرۈپ ۋىجدان ئازابى تارتىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرغان تاج - تەختنىڭ نېمە ھۇزۇرى بولسۇن؟ بولدى، يولۇڭغا ماڭ، تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن ئۆيۈڭگە يېتىپ بېرىۋالغىن.

مەلىكە دىلئارام ئېرى ۋەزىرزادىنىڭ يېنىغا ساق - سالامەت، ئېسەن - ئامان قايتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەلەرنى ۋەزىرزادىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى مەلىكە دىلسوز، — ئەمدى مەن تۆتىڭلاردىن شۇنى سوراپ بىلمەكچىمەنكى، مەلىكە دىلئارام ھېكايىسىدىكى ۋەزىرزادە، باغۋەن يىگىت، شىر سىياقىدىكى سېھىرگەر ۋە ئوغرىدىن ئىبارەت تۆت ئادەمدىن زادى قايسىسى ئەڭ مەرد سانىلىدۇ؟

مەلىكە دىلسوزنىڭ مەلىكە دىلئارام توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان بۇ تۆت نەپەر سەيياھنىڭ بىرىنچىسى مەلىكە دىلسوزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:

— باغۋەن يىگىت ئەڭ مەرد ئىكەن، ئۇنداق بولمىسا بېشىغا بەخت قۇشى قونسا نەپىسىدىن كېچىپ بېشىدىكى بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتەرمىدى؟ مېنىڭچە، باغۋەن يىگىت ھەممىدىن مەرد ئىكەن.

ئىككىنچى سەيياھ جاۋاب بەردى:

— شىر سىياقىدىكى سېھىرگەر ھەممىدىن مەرد ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا يىرتقۇچلۇق تەبىئىتىگە مۇخالىپ تەييار لوقمىدىن ۋاز كېچەمتى؟ قولغا كېلىش ئالدىدىكى تاجۇ تەختتىن ۋاز كېچەرمىدى؟ مېنىڭچە شىر سىياقىدىكى سېھىرگەر ھەممىدىن مەرد ئىكەن.

ئۈچىنچى سەيياھ جاۋاپ بەردى:

— ۋەزىرزادە ھەممىدىن مەرد ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن خەۋەردار بولغان تۇرۇقلۇق ئەركەكلىك غۇرۇرىنى قايرىپ قويۇپ خوتۇنىنى باغۋەن يىگىتنىڭ يېنىغا ئەۋەتەمتى؟ مېنىڭچە ھەممىدىن ۋەزىرزادە مەرد ئىكەن.

تۆتىنچى سەيياھ جاۋاپ بەردى:

— ئوغرى ھەممىدىن مەرد ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا شۇنچە قىممەت باھا زىبۇ - زىننەت ۋە جاۋاھىراتلارنىڭ ھەم گۈزەل قىزنىڭ مېھرىدىن كىچەرمىدى؟ مېنىڭچە ئوغرى ھەممىدىن مەرد ئىكەن.

مەلىكە دىلسوز سۆھبەت تۈگىگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن بۇ تۆت نەپەر سەيياھ بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىنى خانغا سۆزلەپ بەردى ۋە دېدى:

— جان دادا، بۇ سەيياھلارنىڭ تەبىئىتى بىر - بىرىگە مۇتلەق قارىمۇقارشى ئىكەن. بىرىنچى سەيياھ باغۋەن يىگىتنى ماختىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ تەبىئىتى خوتۇن - قىزلارغا مايىل ئىكەن. ئىككىنچى سەيياھ شىر سىياقىدىكى سېھىرگەرنى ماختىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر نەپسى ئاۋارىسى، ئۇنىڭ تەبىئىتى يېيىش - ئىچىش ۋە تاجۇ دۆلەتكە مايىل ئىكەن. ئۈچىنچى سەيياھ ۋەزىرزادىنى ماختىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر غۇرۇرسىز، شەرەپسىز ئەر، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆرمەتسىزلىككە مايىل ئىكەن. تۆتىنچى سەيياھ ئوغرىنى ماختىدى. ئۇ زەردارنىڭ قۇتىسىدىكى گۆھەرنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ دەل ئۆزى شۇ، چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ماختايدۇ ۋە ئۆز تەبىئىتىدە بارىنى ئاشكارىلايدۇ. ئوغرىلىق ۋە خىيانەت ئۇنىڭ ھۈنىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىدىكى ئوغرىنىڭ قىلمىشى ئۇنىڭغا مەردانىلىك بولۇپ بىلىندى.

دەرۋەقە، خان ئوغرىنى ماختىغان تۆتىنچى سەيياھنى قايتىدىن قىيىن - قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلغانىدى، ئۇ ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەستىن جىنايىتىگە ئىقرار بولۇپ، گۆھەرنى تىقىپ قويغان جايەنى دەپ بەردى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى

# كېسەكچىنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر كېسەكچى ئادەم بولۇپ، كېسەك قۇيۇش بىلەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ قېرىپ، پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. كېسەكچىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بوۋايدىن ئوغلىغا پەقەت بىر تال كېسەك قېلىپى مىراس قاپتۇ. ئەمما بۇ يىگىت كېسەك قۇيۇشنى ئازراقمۇ ئۇقمايدىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي يېتىملىكنىڭ دەردى يىگىتنىڭ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ، كۈن ئېلىشى تەس بوپتۇ. ئۇ ھەر كۈننى نان قايغۇسىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ناھايىتى تەڭچىلىكتە ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئانا، زامانىنىڭ ماڭا سالغان جاپاسى ھەددىدىن ئاشتى، پەلەك كۈنۈمنى خۇن جىگىرىمدىن بېرىۋاتىدۇ، چاشقان چېغىدا ئامبىرىنى لىق بۇغدايغا تولدۇرۇپتۇ، مەن بولسام مۈشۈكنىڭ نېنىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ئاتامدىن مىراس قالغان بۇ كونا قېلىپنىڭ كېسەك قۇيۇشتىن باشقىغا كېرىكى يوقكەن، سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ماڭا رازىلىق بىلەن رۇخسەت بەرسىڭىز، بەختىمنى ئىزدەپ باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپ باقسام، ئېھتىمال سەپەر غۇربىتىنىڭ شاراپىتىدىن مۇرادنىڭ ئىشىكى يۈزۈمگە ئېچىلىپ، بۇ يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي جان - جىگەر ئوغلۇم، سەپەر دەرىخىدە مىڭلىغان مېھنەت شاخلىرى باردۇر، ئۇنىڭ ئۇچى پەلەككە تاقىشىدۇ، يەنى سەپەردە جاپا - مۇشەققەت كۆپتۇر، راھەت مېۋىسى بولسا ئەسۋاب - جابدۇقى تولۇقلارغا نېسىپتۇر، ئۇلار جاپا - مۇشەققەتكە گىرىپتار بولمايدۇ، سەپەر ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەرگە لايىق. بايلىقىڭ كۆپ بولسا، شۇ بايلىقىڭ بىلەن سودا قىلىپ پايدا ئالىسەن؛ ئېسىلزادە جانابلاردىن بولساڭ، ھەر قانداق يەردە مەرىكە - مەجلىسلەردە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىپ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھر تاپىسەن؛ ھەرخىل بىلىملەردىن خەۋەردار بولساڭ، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھلارنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولۇپ، ئىززەت ۋە ئابرۇيلۇق بولىسەن. ئەمما سەندە بۇ خاسىيەتلەرنىڭ ھېچبىرى يوق، پەقەت كېلىشكەن قامىتىڭلا بار. شۇڭا، بۇ سەپەردە كۆپ جاپا تارتىپ، خارلىقتا قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

ئوغلى نەسىھەتكە قۇلاق سالماي دەپتۇ:

— ئەي مېھرىبان ئانا، مەنمۇ دانالاردىن «سە-

پەر دۆلەتنىڭ ئىشىكىدۇر» دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ يولغا قەدەم باسمىساڭ، مەقسەتنىڭ گۆھىرى قولغا كىرمەيدۇ، ياقۇتمۇ كاندىن چىقمىسا، پادىشاھلارنىڭ تاجىدىن ماكان تۇتالمايدۇ، گۆھەرمۇ سەدەپنىڭ قارنىدىن چىقىپ دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا يۇرمىگەن بولسا، نازىنىنلارنىڭ قۇلىقىغا زىننەت بولالمايتتى، سابامۇ سەپەرنىڭ خاسىيتىدىن چىمەننىڭ گۈللىرىگە ھەمسۆھبەت بولغاندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەرنىڭ سائادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ مۇشۇكتەك چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە قاراپ ئولتۇرسام ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

شۇنداق قىلىپ، يىگىت ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تەۋەككۇل قەدىمىنى غۇربەت يولىغا قويۇپ، كارۋانلار بىلەن قوشۇلۇپ باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپتۇ. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ، مەسچىتنى ماكان قىلىپ تۇرۇپتۇ، قولىنىڭ قىسقىلىقى ۋە ھېچقانداق ھۈنەر بىلمىگەنلىكىدىن بىرەر ئىش قىلىشقا ئامالسىز تۇرغاندا، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭ يوقسۇزلۇقىنى بىلىپ، نەرسە - كېرەك يىغىش قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئاخشىمى - ئەتىسى ئاش - تائام بېرىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردىكى سودىگەرلەر باشلىقىنىڭ ئايدەك چىرايلىق بىر قىزى بار بولۇپ، قېشىنىڭ ياسىدىن ھەر تەرەپكە ئوق ئۈزۈپ جاننى ئالىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، قىز ئۆيدىن چىقىپ ئېرىنى ساقلاپ تۇرغاندا، غېرىب يىگىتنىڭ نەزىرى تۇيۇقسىز ئۇ گۈزەل نازىنىنغا چۈشۈپ قېلىپ، جان دىلى بىلەن ئاشىق بىقارار بوپتۇ. ئۇ نازىنىنمۇ بىر قاراش بىلەن بۇ غېرىبنىڭ دىلىنى بالا دامىغا ئەسىر قىپتۇ. ئەمما گۈزەل ھۆسنىنىڭ خاھىشى بىلەن بۇ يىگىتنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆزگە ئىلماي، دەرھال ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىتنىڭ دىمىغىغا ئىشقىنىڭ مەجنۇنلۇقى پۇراپ، ۋۇجۇد ئىقلىمىدا بىر پاراكەندىچىلىك پەيدا بوپتۇ. ھەر خىل سەۋدايى سۆزلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىپ، ئىشىق بالاسىنىڭ ئوتىدا ھەر تەرەپتىن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، بۇ سىرنى شۇئان ئاشكارىلاشنى پايدىسىز كۆرۈپ، مۇھەببەت ئاسمىنىنىڭ شولىسىنى كۆڭلىدە چىڭ ساقلاپ، سەۋرىنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆكرىكىنى يەرگە يېقىپ يېتىپتۇ. مۇشۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى چوكان ئېرى بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ غەزەپ دەريالىرى تېشىپ دولقۇنلىنىپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، پىتنە ئوتىنى ياندۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ئېرى نادانلىق قىلىپ چوكاننى ئۈچ تالاق قىلىپ، ئۆزىنى ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن مەھرۇم قىپتۇ. خېلى كۈنلەردىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ غەزەپ ئوتى پەسىيىپتۇ. ئېرى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئوتتۇرىغا كىشى قويۇپ ئۆيىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپتۇ. چوكان ئېرىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، مۇھەببەت قەدىمىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، غەزەپنىڭ شىددىتىنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈپ رازى بوپتۇ. ئەمما ئۈچ تالاق قىلغانلىقتىن شەرىئەت ھۆكمى بىلەن ھالال قىلمىغۇچە نىكاھ قىلماپتۇ. ئاخىر شەرىئەت بويىچە چوكاننىڭ ئاتا - ئانىسىغا: «ياقا يۇرتلۇق كىشىدىن بىرنى تېپىڭلار، قىزنى ئۇنىڭغا بىر كېچە نىكاھ قىلىپ بەرسەك، تاڭ ئېتىشى بىلەن قىزنىڭ خېتىنى بېرىپ، بۇ سىرنى ھېچكىشىگە ئاشكارا قىلماي، باشقا ۋىلايەتكە كەتسۇن» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەر قانچە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، غېرىب يىگىتتىن باشقا مۇناسىپراق كىشىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئېيتىپ، ئاخشىمى نىكاھ قىلىپ تاڭ ئاتقاندا تالاق قىلىشقا ماقۇل قىپتۇ. يىگىت ئۇزاقتىن بۇيان چوكاننىڭ ۋىسال ئارزۇسىدا بولغاچقا، شادلىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، چوكاننىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىپ يىگىتنى مونچىغا ئاپىرىپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، شاھانە سەرپايلەرنى كىيدۈرۈپ، پەرى سۈپەت گۈزەل نازىنىننى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. يىگىت خۇشاللىقتىن بۇنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئى-

كەنلىكىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يىگىت تاڭ ئاتقۇچە قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ مۇراد ھاسىل قىپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىسال دۆلىتىدىن مەھرۇم بولىدىغىنىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. «بۇ بەخت بىر باھانە بىلەن ماڭا مۇيەسسەر بولدى. بىراق، سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، مەشۇقۇمنى قولدىن بېرىپ ھەسرەت ـ نادامەتتە يۈرمەك ئەقىلسىزلىكتۇر. ئەمدى ئەڭ ياخشىسى بۇ سائادەتنى قولۇمدىن بەرمەي، ھىممەتنىڭ ئايىغىنى تىرىشچانلىق مەيدانىغا مەھكەم قويۇپ تۇرسام، ئېھتىمال بەخت قۇشۇم قولۇمدىن چىقىپ كەتمەس، بۇ باھانە بىلەن جاي ۋە كۆچكە ئىگە بولۇپ غېرىبلىقتىن قۇتۇلارمەن، ئەگەر پەلەكنىڭ چاقى مەن تەرەپكە ئايلانماي مۇددىئايىم ئەمەلگە ئاشمىسا، ئۇنى كۆرەرمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقى ۋە غېرىبلىقىدا مۇھەببەت زەنجىرىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئايالىغا ئېيتىپ، كۆڭۈل ئېرىتكۈچى سۆزلەر بىلەن ئايالىنى ئۆزىگە رام قىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئايالىغا:

— ئەي گۈزەل دىلبىرىم، ئاۋۋالقى ئېرىڭىز سىزدەك نازىنىن پەرىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلىكتىن جۇدالىق بالاسىغا گىرىپتار بوپتۇ، ئۇ نادان شەپقەتسىزلىكى بىلەن بۇ دۆلەتكە لايىق ئەمەستۇر. ئەرزىمەس كەمىنىڭىزنى بولسا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇزاقتىن بۇيان ھۆسنى ـ جامالىڭىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، بۇ جايغا كېلىپ مەسچىتنى ماكان قىلىپ ياتقانىدىم، كۆپ مېھنەتلەردىن كېيىن ۋىسال دۆلىتىڭىزگە مۇيەسسەر بولدۇم، ئەمدى ئۈمىد قىلىمەنكى، قالغان ئۆمرۈمدە قۇللۇق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سېلىپ، خىزمەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ جان دىلىم بىلەن سىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلسام دەيمەن، — دەپتۇ.

گۈزەل چوكان يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئېرىپلا كېتىپتۇ. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئېرىدىن ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. يىگىت ھۈنەرسىز بولغان بىلەن خېلى سۆلەتلىك، نەغمە ـ ناۋالاردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىكەن. چوكان بۇ ئېرىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئاۋۋالقى ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىپتۇ. يىگىت بولسا مەشۇقىنى ئۆزىگە تامامەن رام قىلىپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

ۋاقىت كېچىنىڭ زۇلمەت چېدىرىنى جاھان لەيلىسىنىڭ بېشىدىن كۆتۈرۈپ قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى ئالەمگە يېيىپتۇ. خىزمەتكارلار تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئىشىككە كېلىپ يىگىتنى چاقىرىپتۇ، يىگىت بولسا ئىشىكنى ئاچماي ئىچكىرىدە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— ھەي نادانلار، بۇ نېمە قىلىق؟ سەھەردە كىشىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ يىغان كۆتۈرۈشكە قانداق يۈزۈڭلار چىدىدى؟ شەرم ـ ھايا دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ — دەپ ئۇلارغا دەشنام بېرىپتۇ. خىزمەتكارلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ دەپتۇ:

— ھەي نائىنساپ، بۇ قانداق گەپ؟ ساڭا خېنىمنى بىر ئاخشاملىق شەرت بىلەن نىكاھلاپ بەردۇق، ئەمدى تاڭ ئاتتى، تېز چىقىپ يولۇڭغا ماڭغىن. ئۆزۈڭنى بىھۇدە بەدنامغا قويمىغىن، «باغ ـ ئىرەم ھوقۇشنىڭ ماكانى بولماس، جەننەت بېغىغا قاغا كىرەلمەس» دەپتىكەن، بۇ ئىشىڭنى سودىگەر غوجام ئاڭلىسا، سېنى ئۇرۇپ ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

— ئەي ئەزىزلەر، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ بىھۇدە سۆزلەرنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بۇ شەرىئەت ئەمرى بىلەن بولغان نىكاھ تۇرسا، سىلەرنىڭ جېدەللىرىڭلار بىھۇدە، بۇنداق چاقچىقىڭلارنى قويۇپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

خىزمەتكارلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ يىگىتنىڭ چىن دىلىدىن سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەممىسى ھەيرانلىقتا جىم بولۇپ قاپتۇ. بىردەمدىلا بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپتۇ. بەزىلەر سودىگەرنى مازاق قىلسا، بەزى كىشىلەر ئەپسۇسلىنىپ: «سودىگەر غوجام قىزىنى نامەلۇم بىر مۇساپىر كىشىگە بېرىپ، بەدنامغا قاپتۇ» دېيىشىپتۇ. قىزنىڭ قېرىنداشلىرى نومۇس قىلىشىپ: «بۇنداق گادايىنىڭ ئېتىنى ئاتاشمۇ بىزگە

نومۇستۇر، ئۇ قەلەندەر بۇنداق ئۇلۇغ جەمەتىمىزگە كۈيۈئوغۇل بولۇشقا قانداقمۇ مۇناسىپ بولسۇن؟ ئەمدى نومۇس شىشىمىزنىڭ ھەممىسى تاشقا تېگىپ سۇندى، جاھاندا بەدناملىغا قالدۇق، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلمىغاندا ئەھلى ئالەم بىلەن كۆرۈشمەك، مەجلىس ـ مەرىكىلەرگە داخىل بولماق بىزگە مۇشكۈلدۇر، ئەمدى بۇ بەدنامىنى ئۆزىمىزدىن ساقىت قىلمىساق بولمايدۇ» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ، نەسىھەت قىپتۇ، ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ. ئاخىر ئۇلار يىگىتكە ۋەدە قىلىپ: «ئەگەر قىزدىن كەچسەڭ دېگىنىڭ بويىچە ئالتۇن بېرەيلى» دەپتۇ.

يىگىت دەپتۇ:

— ئەي ئەزىزلەر، بىلىپ قويۇڭلاركى، خوتۇنۇمنىڭ ئارزۇ ۋىسالىدا ئۇزاقتىن بۇيان پەرىشان بولۇپ يۈرگەنىدىم، ئەمدى بۇ بەخت قۇشى ماڭا نېسىپ بولدى، بەختنى قولدىن بېرىش ئەقىلدىن يىراقتۇر، ئەمدى مەن بىچارىگە ئازار بەرمەڭلار، غېرىبلىق ۋە يوقسۇزلۇقىمدىن نومۇس قىلىشىڭلار لايىق ئەمەس، ئەقىللىك كىشىلەر باشقىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قارايدۇ، ئېسىل نەسەپتە ئۆتكەنلەرنى ئۇلۇغلاشمۇ شەرت ئەمەستۇر، چۈنكى بىر كىشىنىڭ نەسلى ئېسىل بولسىمۇ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسە پايدىسى يوقتۇر، بىر كىشىنىڭ نەسلىگە، كىيىمىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش ئالىيجانابلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمدى سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، مېنىڭ ئەسلى ۋەتىنىم شىراز ۋىلايىتىدۇر، ئالەم ئەھلى ئۇ دىيارنى «ئىلىم ـ بىلىم ماكانى» دېيىشىدۇ، پۈتۈن ئالەم خەلقى ئىلىم ـ بىلىمنى شۇ ۋىلايەت خەلقىدىن ئۆگەنگەندۇر، ئاتام خوجا بۇزۇرگاندۇر، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمدە مەشھۇردۇر، ئۇنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىدىن پۈتۈن شىراز خەلقى بەھر ئالىدۇ. يىگىتلىكتە ئەزىز ئاتامدىن كۆڭلۈم ئاغرىپ، بىر قىسىم مال تەييارلاپ تىجارەت ئۈچۈن يۇرتۇمدىن چىقىپ سەپەرگە ماڭغانىدىم، يولدا بۇلاڭچىلار كارۋانلارنى بۇلاپ كەتتى، ماللىرىمدىن ئايرىلىپ، ئۆزۈم بۇ ئەھۋالدا قالدىم ۋە بۇ ۋىلايەتكە كېلىپ قالدىم. ئەمدى پات يېقىندا ئاتام كىشى ئەۋەتىپ، مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ، مېنى ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويمايدۇ. ئەي ئەزىزلەر، ئەمدى ھەقىقەتنى بىلدىڭلار، مەن بىچارىگە ئازار يەتكۈزمەي رەھىم قىلىڭلار، غېرىبلارنىڭ قولىنى تۇتماق ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر ۋە ياخشىلارنىڭ قىلىقىدۇر.

قىزنىڭ قېرىنداشلىرى يىگىتتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئەلۋەتتە سېنى ئۆزىمىزگە كۈيۈئوغۇل دەپ بىلىپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى ساقلايمىز، — دېيىشىپتۇ.

يىگىت ۋەدە بېرىپ:

— بىر ئايغىچە ماڭا مۆھلەت بېرىڭلار، بىر ئاي توشقۇچە كىشى كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتسە، سۆزۈمنى راستكەن دەڭلار، ئەگەر ھېچ تەرەپتىن خەۋەر كەلمىسە، مەن گېپىڭلارنى ئاڭلاپ خوتۇنۇمدىن قول تارتىپ، يولۇمغا ماڭاي، — دەپتۇ. ھەممەيلەنگە يىگىتنىڭ سۆزى مۇۋاپىق كېلىپ، بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ بولسا ئاتىسىدىن قالغان بىر ئەسكى قېلىپتىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇ بىر ئايلىق مۇددەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خوتۇننى بىردەممۇ قۇچىقىدىن نېرى قىلماي كۈنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. يىگىرمە بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، يىگىت ئەندىشە قىلىپ: «بەلگىلەنگەن مۇددەتمۇ توشۇپ قالدى، بۇ نازىنىننىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بولارمەنمۇ» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەپ يۈرۈپتۇ. يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ، پەقەت ئۈچ كۈنلا ۋاقىت قاپتۇ. يىگىت جۇدالىق دەردىدە پۈچۈلىنىپ، ئۈمىدسىزلىك شارابىدا مەست بولۇپ، ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇپ تاشنىمۇ يارغۇدەك نالە قىپتۇ. شۇ ئاخشىمى شەھەر پادىشاھى مۇلازىملىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ يىگىتنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئۆيدىن جاننى لەرزىگە سالغۇدەك سۆزلەر بىلەن قىلىنغان نالە ئاۋازى ئاڭلىـ

نىپتۇ. بۇ ئاۋاز پادىشاھنىڭ يۇمشاق كۆڭلىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئىختىيارسىز ئىشىكتە تۇرۇپ تۇۋلاپتۇ. يىگىت ئۆيدە تۇرۇپ سوراپتۇ:

— نېمە ئادەم سەن؟ بۇ مەھەلدە ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇيقۇدا تۇرسا، نېمىشقا ئىشىكىمگە كېلىپ تۇۋلايسەن؟

پادىشاھ:

— ئەي دەردمەن يىگىت، مەن كۆڭۈل سۆزلىرىڭگە ئاشنا ۋە دەرد ـ ئەلەم داغلىرىڭغا مۇپتىلا بولۇپ، دەردلىك نەغمەڭ كۆڭلۈمگە تەسىر قىلىپ، قوپاللىق بىلەن تۇۋلاپ سالدىم، ئىشىكىڭنى ئېچىپ بىردەم مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، — دەپتۇ.

يىگىت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. پادىشاھ مۇلازىملىرى بىلەن كىرىپ قارىسا، كۆز ئالدىدا ئىنتايىن كېلىشكەن بىر گۈزەل يىگىت تۇرغان بولۇپ، جامالىنىڭ مالاھىتىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىمۇ يورۇپ كېتىپتۇ. ئەمما پادىشاھ پۇقراچە ياسىنىۋالغانىكەن، يىگىت بۇ ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرۈپ پەرىشان بوپتۇ. پادىشاھ دەپتۇ:

— ئەي زىبا يىگىت، بىردەم بولسىمۇ غەزەل ئوقۇپ بىزنى خۇش قىلدىڭ، مىننەتدارمىز.

يىگىت كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي قەلەندەر ئىشقىدىن بىخەۋەرلەر، مەن بولسام مىڭ دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتاردۇرمەن، ئاخىرقى تىنىقىم تۈگەش ئالدىدا جان بىلەن ۋىدالىشىۋاتسام، مېنى نەغمە قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ پادىشاھ، — سېنىڭ ئۇرغان ئاھلىرىڭ كۆڭلىمىزگە تەسىر قىلىپ دىلىمىزنى كاۋاپ قىلدى، ئەمدى مېھرىبانلىق قىلىپ ئەھۋالىڭدىن خەۋەر بەرگىنكى، بۇقەدەر ئېرىتكۈچى سۆزلىرىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

يىگىت زار ـ زار يىغلاپ، بولغان ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ ھەممىنى ئاڭلاپ بولۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆيدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش مەشرىقتىن باش چىقىرىپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە خىزمەتكارىغا بىر قىسىم نەپىس رەختلەر ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ ھەمدە ئۇلارغا «بۇنى ئاتاڭ ئەۋەتتى، بىز ئۇنىڭ قېشىدىن كەلدۇق» دەپ ئېيتىشنى جېكىلەپتۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ قېرىنداشلىرى جەم بولۇپ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ غەۋغا قىلىپ تۇرغانىكەن. دەل شۇ ۋاقىتتا ئېسىل ئەرەب ئېتىغا مىنگەن بىر نەچچە ئادەم بىر قولىدا زۇلپىقار، بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، نەچچە بوغچا ئېسىلزادىلەر كىيىمى ۋە ئېسىل رەخت، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئىشىككە كەلسە نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ توپلىشىپ، غەۋغا قىلغىلى تۇرغانىكەن. بىر خىزمەتكار ئۇلاردىن:

— بەدىئى شىراز غوجامنىڭ ئۆيى قايسى؟ ئۇ ئاتىسىدىن رەنجىپ بۇ شەھەرگە كېلىپ ئۆيلىنىپتىكەن، — دەپ سوراپتۇ. مەھەللە خەلقى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ غېرىب يىگىتنىڭ سۆزى راستىكەن» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بىر كىشى بېرىپ بۇ ئىشنى ئۇلارغا دەپتۇ. كەلگەن كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىپ، ئاتىسىنىڭ نامىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت دەرھال خەتنى ئېچىپتۇ، خەتتە: «ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، دەردىڭدە ئاجىزلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، مەن ئۆلمەستىن بۇرۇن يېتىپ كەلگىن، ئەگەر دىدارىڭنى كۆرمەي بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالسام ھەسرەت بىلەن كېتىمەن، تېزراق كەلگىن» دەپ يېزىلغانىكەن.

يىگىت بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، كۆڭلىدە «ئاتامنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر كېسەك قېلىپىدىن باشقا نەرسىسى يوق ئىدى، ئەمدى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىنى ئەۋەتىپتۇ، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئەكەلگەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ، خوتۇنىنىڭ

قېرىنداشلىرى يىگىتنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. يىگىت بۇ كېچىنى قالتىس شادلىق بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە ھەممىسى جەم بولۇپ كېلىپ ئۆزرە ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، بىر كىشى ھەيۋەت بىلەن كېلىپ:

— بەدئى شىراز غوجام ئاتىسىدىن رەنجىپ قېلىپ، بۇ شەھەردە ئۆيلەنگەنىكەن، ئۇنى پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت دەرھال تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. سودىگەر غوجام بولسا خۇشال بولۇپ، پەخىرلىنىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ كۈيۈئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، كوچىدا كىشىلەر گەپ سورىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن «بۇ يىگىت بىزنىڭ كۈيۈئوغۇل، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ماڭدى، ئۆزى شىراز ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرزادىسىدىن بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ رەسىم - قائىدىسىگە ئاساسەن مۇبارەكلىشىپتۇ. سودىگەر غوجام تەكەببۇرلۇقتىن قاش ۋە ساقىلىنى تىترىتىپ، كىشىلەرگە ئىشارەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بېرىپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەپتۇ. يىگىتنىڭ نەزىرى پادىشاھقا چۈشۈپ قارىسا، ئاخشام ئۆيىگە كەلگەن قەلەندەر ئەسلىدە پادىشاھ ئىكەن، شۇندىلا ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ - دە، ھۆرمەت بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپتۇ. پادىشاھ يىگىتنى كۆرۈپ خۇش مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەتكارلارنىڭ يىگىتكە يەنە نۇرغۇن ئىنئام بېرىشىنى بۇيرۇپتۇ ۋە يىگىتكە ھەمراھ بولۇپ ۋىلايىتىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئەمر قىپتۇ. غېرىب يىگىت پادىشاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن خوتۇنىنى ئېلىپ ۋىلايىتىگە قايتىپ كېلىپ، قالغان ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)





چاچ ھەققىدە قىسسە

ئەلىجان ئەلىجانپور سىزغان


# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

（维吾尔文） 总162期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 162-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：买买提江·马合木提 副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مەخمۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043



## «مەشرەپ مەستانىلەر يىغىلىشى»نى
## مەشرەپ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىدىن كۆرۈڭ

ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، نۇرنىسا ئابباس قاتارلىق يىپەك يولى ساداسىدىكى داڭلىق ئۇستازلار ، شۇنداقلا مۆمىنجان ئابلىكىم قاتارلىق چولپانلارنىڭ نەق مەيداندىكى ئېسىل نومۇرلىرىنى مەشرەپ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىدىن كۆرۈڭ. مەشرەپ ئەپلىرىنى ئىشلەتسىڭىز، ئېقىم مىقدارى قاتارلىق كۆتۈلمىگەن مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلەيسىز. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ !

مەشرەپ ئەپلىرىنى چۈشۈرۈش مەنزىلى www.maxrapbazar.com

مەشرەپ كۈيچىسى

مەشرەپ ئېكرانى

مەشرەپ TV